


# شىنجاڭ مەدەنىيتى

XINJIANGCIVILIZATION

2

1995



كۈتۈش (ماي بوياق رەسىم) ئەكبەر ئابدۇرېھىم سىزغان



«ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىغا چىڭ تۇرۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزم ھەققىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل بولۇش، خالىسانە تۆھپە يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇ-شىمىز، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى ئۆس-تۈرۈپ، ئۇلارنى پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىكتەك چىرىك ئىدىيىنىڭ چىرىتىشىگە ئاڭلىق ھالدا قارشى تۇرىدىغان قىلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت-سەنئەت، رادىئو-تېلېۋىزىيە، ئاخبارات-نەشرىيات تارماقلىرى (ۋەتەن-پەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى)نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىدىكى يېتەكچى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى 1-ئورۇن-غا قويۇشتا ۋە توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىل-لەت خەلق ئاممىسىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 40 يىللىق مەرىكىسىگە ئائىت تەش-ۋىقات خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ (بەش بىر قۇرۇلۇشى) (بىر ياخشى كىنو فىلمى، بىر ياخشى تېلېۋىزىيە تىياتىرى، بىر مەيدان ياخشى ئويۇن، بىر ياخشى كىتاب، بىر پارچە ياخشى ماقالە)نى ياخشى تەشكىللەپ، بىر تۈركۈم نادىر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 40 يىلدىن بۇيان پارتىيە رەھبەرلىكىدە چېگرا رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىنى ۋە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەيدىغان، ئىتتىپاق قىلىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان روھىي قىياپىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.»

(رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-يىغىنىغا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تىن)







شىنجاڭ مەدەنىيىتى
44 ـ يىل نەشرى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1995 ـ يىل 2 ـ سان (ئومۇمىي 213 ـ سان)

# بوساندا

## ئەدەبىيات گۈلزارى

مەختۇمسۇلا ............. (پوۋېست) ............... خالىدە ئىسرائىل 3

## تاماشىبىنلار ساداسى

بىزدىكى «هازا ناخشىلىرى قىزغىنلىقى» ۋە ئانا ئوبرازى ......... باغراش 36

## ئىزدەنگۈچىلەر

تەبىئىي پەن روهى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ................ داۋۇت ئوبۇلقاسىم 42

## دانالار خەزىنىسى

هايات ھەقىقەتلىرى ...... توپلىغۇچىلار: ئى. هوشۇر، س. تىلىۋالدى، ھ. ئىمىنھاجى 56

## مەدەنىيەت ـ سەنئەت گېزىتى

ئۇچۇرلار ............ غەيرەت ئۆمەر، مۇھەممەت مۇسا، رىسالەت مۇھەممەت 59

## ئەينەك

بىزدىكى ئىللەتلەر.......................... نىزامىددىن هۈسەيىن 61
ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى....................... ئەختەم ئۆمەر 72
هازىرقى هالىتىمىزدىن تېز سىزما....................... ئىبراهىم ئەمەت 77

## ئاممىۋى مەدەنىيەت سېپىدە

مەكتەپ ناهىيىسىدە دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش
خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە ..................... خۇدا بەردى ئابدۇللا 80

مۇقاۋىدا: هوسۇل (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۇكۇر كېرىم سىزغان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى
رەسسام ۋە گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: پەرهات ئىبراهىم
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com






( پوۋېست )

## خالىدە ئىسرائىل

بوۋاي ئوۋدىن قايتىپ، ئىرغاي كۆتىكى بىقسىپ كۆيۈۋاتقان ئوچاق يېنىدىكى يىلپىز تېرىسىگە موك چۈشكەن پېتى ئورنىدىن تۇرالمىدى.

ئۇنىڭ ئاي يۈزلۈك قىزى، كۆڭۈل ئارامى مەختۇمسۇلا قايىنىتىپ بەرگەن قارا ئۆرۈك شورپىسىمۇ، نەۋقىران ئوغلى، قايرىلماس قانىتى چىن تۆمۈر تاغ ئارقىسىدىن باشلاپ كەلگەن قىرى داخاننىڭ كۆرسەتكەن كارامەتلىرىمۇ، قارا ئوغلاقنىڭ تېرىسىگە ئېلىپ تەرلىتىشلەرمۇ كار قىلمىدى. ئىككى كۈن بولدى، ئۇ زۇۋاندىن قالدى. مەختۇمسۇلا ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مۆل - مۆل يىغلاشتىن باشقىنى بىلمىدى. بىر چاغلاردا ئاجايىپ زور بوي - بەستى، تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتى بىلەن يايلاقتا پاتماي يۈرۈيدىغان پالۋان يىلپىز تېرىسى ئۈستىدە يېتىپ خۇددى كۆيۈپ تۈگەۋاتقان شامدەك ئېرىپ كېتىۋاتىدۇ. چاناقلىرىغا چۆكۈپ چۆككەن كۆزلىرى



www.uyghurkitap.com كىتاب تورى بېكىتى

گاھ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك چىرايلىق قوشماق پەرزەنتىگە تويماي باقسا، گاھ كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر پارچە زەڭگەر ئاسمانغا تىكىلىدۇ. ئۇزاقتىن - ئۇزاق تەلمۈرىدۇ. ئۈنسىز، بىر تېمىم ياشسىز يىغلايدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا «ئىھ» دېگۈدەك مادار يوق، كۆز ياشلىرى بولسا سۈيى تۈگىگەن بۇلاقتەك قۇرۇپ تۈگىگەن. ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە دېيىشىدىكەن، ئۇنىڭ تارتقان دەرد - ئەلىمىگە تاغ - تاش بولسىمۇ ۋاقتىدا يېرىلىپ كەتمەسمىدى.

ئۇنىڭ بەخت - ئامەتتىن بېشى ئاسمانغا يەتكەن كۈنلىرىمۇ بولغان. ئۇ ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدىكى ئىشلار ئىدى. بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭدەك مەرگەن، ئۇنىڭدەك پالۋان يوق ئىدى. ئۇ يەتتە تاغنىڭ بېرىسىدىكى ئەڭ گۈزەل قىزغا ئۆيلەندى. خوتۇنى ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئۇ ھەپتە - ھەپتىلەپ شىكاردا، ئوغلاق - بەيگىلەردە بولاتتى، ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن باشقا، ئۇستا چەۋەندازلىقى، ھوشيار - چېچەنلىكى بىلەن ئۇيۇر - ئۇيۇر يىلقىلارنى ھەيدەپ كېلەتتى. بىر قېتىم يوغان بىر ئالباش ئۆكۈزنى بېشىدىن كۆتۈرۈپ ئاتقىنى ئۈچۈنلا 50 ئات تارتۇق ئالغانىدى. بارا - بارا ئۇنىڭ يىلقىلىرى بۇ ئەتراپتىكى يايلاقلارغا پاتماي قالدى. سىرتتىن بۇ يايلاققا تۇنجى كەلگەن كىشىلەر ھەيران بولۇپ: «بۇ كىمنىڭ يىلقىلىرى؟» دەپ سورىشاتتى، ھەممىلا يەردە كىشىلەر ئۇلارغا: «رۇستەم پالۋاننىڭ» دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ مال - دۇنياسىدىنمۇ، جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈدىغىنى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئوغۇللىرى ئىدى. ئوغۇللار ئەۋلادىغا تارتتى. 16 ـ 17لەرگە كىرە - كىرمەي بۇ يۇرتنىڭ ئەڭ قاۋۇل، كېلىشكەن ئەرلىرىدىن سانالدى. چوڭى شىر مۇھەممەت ئىگىز، كەڭ يەلكىلىك يىگىت بولدى. ئۇنىڭدا پالۋانلىقتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغىنى پەم - پاراسەت ئىدى. ئۇ كىتابلارغا، شېئىرلارغا، ئاتا - بوۋىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە قىزىقاتتى، ئاغزى ئېچىلىدىغانلا بولسا، تەڭتۇشلىرىنىلا ئەمەس، بېشى قار باسقان چوققىلاردەك ئاقارغان چاللارنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇراتتى. كىشىلەر ئۇنى جاھان كۆرسە، چوڭ يەرلەرگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلسا داڭقى ئالەمگە تارىلىدۇ، دېيىشەتتى. ئەمما ئۇنىڭ قىسمەت كىتابىغا ئۇ ئىشلار پۈتۈلمەپتىكەن.

يۇرت كۆرۈپ، جاھان كېزىپ كەلگەنلەر كۆپتىن بۇيان، دۇنيانى يالماپ يۇتۇپ كېلىۋاتقان مىسلىسىز زور ئاپەت - ياپىلاق يۈز، قىسىق كۆزلۈك، قىسقا ئەگرى پۇتلۇق موڭغۇل باسمىچىلىرى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. مەددا - ۋاھىزلار ئەل ئىچىگە ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكى، باتۇر، جەڭگىۋارلىقى ھەققىدە ئاجايىپ - غارايىپ قىسسە - ھېكايىلەرنى تارقىتىشقانىدى. كىشىلەر بۇ ھېكايىلەرنى دەسلەپ ئاڭلىغاندا ھاڭ - تاڭ قېلىشاتتى، قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشەتتى. بىراق ھەر كۈنى شەرقتىن قىزىرىپ چىقىدىغان كۈن، يەنىلا ئۆز قىنىدا شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەريا، بۇرۇنقىدەكلا گۈزەل ئايدىڭ كېچىلەر، ئاسماندا بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرىدىغان ئاق بۇلۇتلار كىشىلەرگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى، تىرىكچىلىكنىڭ تۈگىمەس غېمى ئىچىدە، يۇرت - ماكانىنىڭ، يايلاقلىرىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغان يانغىن گويا ئالەمنىڭ نېرىسىدىكى ئىشتەك، ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك تۇيۇلاتتى.

شۇ يىلى يازدا ئىسسىق بەكمۇ قاتتىق بولدى. كىشىلەر كېچىلىرى ئىسسىقتىن ئۆيلىرىنى تاشلاپ ئۆگزىگە، باغلارغا، دەريا بويىدىكى سالقىن جايلارغا چىقىپ كېتىشتى. كۈندۈزى مەھەللىلەردە، يوللاردا بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان مۇساپىرلارغا ھەيرانلىق، ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدە قارىشاتتى، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ ئەكىرىپ نان - چاي، مېۋە - چېۋە بېرەتتى. قورقۇنچ، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان ئەرلەر، ئاياللار ۋە باللارنىڭ ئېتىز - باغلىرى، ئۆي - ماكانلىرىنىڭ قانداقلارچە كۈلگە ئايلانغانلىقى، ئېرى، خوتۇنى، بالا - چاقىلىرى ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ قانداق ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنى قورقۇنچ ئىچىدە ئاڭلىشاتتى. بىر كۈنى مەھەللىگە ئاتلىق جاكارچىلار كەلدى، ئۇلار ئات ئۈستىدە ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ ياۋغا قارشى قوشۇن تەشكىللەۋاتقانلىقىنى، يۇرتتىكى ئەرلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى سىنايدىغان پەيت

كەلگەنلىكىنى جاكارلاشتى.

شۇ كېچىسى تۈنجى تۈركۈم يىگىتلەر جەڭ ئېتىغا مىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىر مۇھەممەتمۇ بار ئىدى. يىگىتلەر ئاتلىنىشتىن بۇرۇن پالۋان ئاتا ئوغلىنى قورال - ياراغ ساقلايدىغان ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئادەتتە ئۇ بۇ ئۆيگە ھېچكىمنى كىرگۈزمەيتتى. ئۇ تامغا ئېسىلغان نەيزە - قالقان، پالاخمان، ئوقيا، گۈرزە، قىلىچ - خەنجەرلەرنى كۆرسىتىپ: خالىغىنىڭنى ئال ئوغلۇم، دېدى. يىگىت كىرىنچى بىر غولاچ كېلىدىغان چوڭ ئوقيانى تاللىدى. پالۋان ئاتا ئۆزى مىنىپ يۈرىدىغان ئاق قاشقىلىق قارا ئارغىماقنى ئېلىپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئانا ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ يىغلىدى. 16 ياشلىق شىر ئېلى بولسا بىر ياندا ئاكىسىغا يەۋېتىدىغاندەك ھومىيىپ قاراپ تۇردى، خوشمۇ دېمىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئامىتىگە قىزغىناتتى، ئۆزىنى ئوغرىلىقچە بىللە ئېلىپ كېتىشكە رازىلىق بەرمىگەنلىكىنى زادىلا كەچۈرەلمەيتتى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇنى ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ كېلىشتى. ئوغلىنىڭ يۈزىنى كۆرمەكچى بولۇپ ئېتىلغان ئانىنىڭ ئاياغ ئاستىغا يۈرەك پارىسىنىڭ قانىغا بويالغان بېشى يۇمىلاپ چۈشتى. ئالتە ئايدىن كېيىن، شىر مۇھەممەتنىڭ ئارغىماق ئېتىغا شىر ئېلى مىندى. ئۇ دادىسىنىڭ قورال - ياراغلىرى ئارىسىدىن گۈرزە بىلەن پالاخماننى ئېلىپ، قارشى قىرغاققا ياۋ تاپىنى ئاستىدا لاۋىلداپ كۆيۈۋاتقان يايلاققا يۈرۈپ كەتتى.

شىر ئېلى بويىدىمۇ، ئۇستىخاندىمۇ تەڭ يېتىلگەن، ئاق سېرىق، چېقىر كۆزلىرى سەل ھاياسىز، مەي - بوزا، ئويۇن - تاماشىغا جېنىنى بېرىدىغان، ئەمما قالتىس باتۇر يىگىت ئىدى. كىچىكىدىن ئۇرۇش - جېدەل، جەڭ - ماجىرالارغا بېشىغىچە كىرىپ بېشىچە چىقاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا خۇدايىم بەردى. ئۇ خۇددى سۇغا قويۇپ بېرىلگەن بېلىقتەك، قەپەستىن قۇتۇلغان ئارسلاندەك ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە كىرىپلا كەتتى. گۈرزە، پالاخمىنى بىلەن مىڭلىغان ياۋ لەشكىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، دەريا - قان تۆكۈپ، كىم دېسە، شىر ئېلى پالۋان، دەپ داڭ چىقىرىپ، تاغ - دالىنى ھەيۋە بىلەن كېزىپ يۈردى. شىر ئېلىنىڭ نامىنى ئاڭلىسا دىر - دىر تىترەيدىغان ياۋ كاتتىلىرى ئۇنى يەكمۇ يەك جەڭدە يېڭەلمەيدىغانلىقىغا تەن بېرىپ، ھىيلە بىلەن يېڭىش پىلانىنى تۈزۈشتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن خىزمەتكارىنى سېتىۋالدى. بىر ئاخشىمى ئۇنى ئۆلگۈدەك مەست ھالىتىدە قولغا چۈشۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەتتى ۋە قىلىچ بىلەن چاناپ قىيما - چىيما قىلىپ تاشلاپ، بىر توپ غالجىر ئىتقا تاشلاپ بەردى. ئاتا - ئانىسى پەرزەنتىنىڭ بىر تال سۆڭىكىنىمۇ تېرىۋالالمىدى.

ياۋ قارشى قىرغاققا كېلىپلا قالغانىدى، بەزىدە موڭغۇللارنىڭ كۈن ۋە ئاي سۈرەتلىك بايرىقى، پاكار، يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنگەن، چىرايى قارامتۇل، قىسىق كۆزلۈك موڭغۇل ئەسكەرلىرى چېلىقىپ قالاتتى. ئاندا - ساندا سالاپەتلىك، جەسۇر موڭغۇل قوماندانلىرى دەريا بويىغا كېلىپ ئايلىنىپ ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلىشاتتى، كىشىلەر ئۇلارنى دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتىدۇ، دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر ئۇلار دەريا سۈيىنىڭ مۇز تۇتۇشىنى ساقلاۋاتىدۇ، بولمىسا كىگىز - چېدىر، ئوزۇق - تۈلۈك، خوتۇن - بالىلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ دېيىشەتتى. ئەمما جەڭ توختىمىغانىدى، يىگىتلەر كېچىلىرى دەريادىن ئۆتۈپ موڭغۇللارغا ھۇجۇم قىلاتتى، بەزىدە دۈشمەننى سۈر - توقاي قىلسا، بەزىدە ئۆزلىرى تالاپەتكە ئۇچراپ، جانلىرىنى ئارانلا ئەپقېچىپ كېلىشەتتى. ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان جەڭلەردە قاۋۇل، ئەڭ باتۇر يىگىتلەر بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى.

شىرزات تېخى كىچىك ئىدى، ئانا كېچىلىرى ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپ چىقاتتى، ئۇنىڭمۇ ئاخىرى بىر كۈنى قولىغا قورال ئالىدىغانلىقى، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدەك بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايانىدى. ئاكىلىرىغا ئوخشاش قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ئۆلۈكتەك قاتتىق ئۇخلايدىغان، چىرايىدىن گۆدەكلىك ۋە ھايات تەشنالىقى چىقىپ تۇرىدىغان كىچىك ئوغلى ئۈچۈن ئۇ جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا، ئوغلىنى قانىتى ئاستىدا ئاسراپ، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە - ئۇرۇش ئوتلىرى يېتىپ بارالمايدىغان يەرلەرگە ئېلىپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، دادىسى جاھىل، ئوغۇل بالا دېگەن جەڭگە

يارالغان، قاچانغىچە كۆرۈك توخۇدەك قانىتىڭ ئاستىدىن چىقارمايسەن، دەپ ئۇرۇشقىنى ئۇرۇشقان. ئانىنىڭ كۆڭلى بىكار ئۆيمەيدۇ. رۇستەم پالۋان ئۇنى جەڭگە ئۆزى ئېلىپ كەتتى ۋە تۇنجى جەڭدىلا ئوغلىنىڭ دۈشمەن قىلىچى ئاستىدا تىپىرلاپ جان بەرگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ ئوغلىنى قانداقلارچە كۆزىدىن نېرى قىلىپ قويغاندۇ - ھە!

ئۇ كۈنى يەرلىك ئاھالىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن تۇتۇشقانىدى. موڭغۇللار قاتار - قاتار تۆت چاسا سەپ بولۇپ، كاناي - سۇنايلارنى چېلىپ، ئۆز تىلىدا كالدىرلاپ ناخشىلارنى ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئېشەكتىن سەللا چوڭ، باشلىرى يوغانىدى. ئېگىز، خىل ئاتلارغا مىنگەن پىدائىيلار قارشى تەرەپتە گويا ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك توپلىشىپ كۈلۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ غەلىتە ئاڭلىنىدىغان ناخشىسىنى، پاكار ئاتلارغا مىنىۋالغان موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ يەرگە تەككىدەك ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى. باش ئۈستىدە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆلۈمنى زادىلا ئويلىمايتتى.

جەڭ دۇمبىقى چېلىندى، دۇمباق ساداسى بۇرغا، ناغرا - سۇناي، ناخشا ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك شاۋقۇن - سۈرەن ھاسىل قىلغانىدى. موڭغۇللار ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، بىزنىڭكىلەرمۇ ئالغا دەۋرەپ چىقىشتى. ھەش - پەش دېگۈچە تەرەپ - تەرەپتىن يامغۇردەك ئوقىيا ئوقى يېغىپ، سەپ - سەپ ئاتلار بىلەن ئادەملەر تەڭلا يىقىلدى. ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيالىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قورال - ياراغلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى جەڭگە يېڭى كىرگەنلەرنىلا ئەمەس، كۆپ جەڭلەرنى كۆرۈپ يۈرىكى قاتقان كىشىلەرنىمۇ ئەندىكتۈرۈپ ۋەھىمىگە سالاتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوقلىرى تۈگىشى بىلەن تەڭ، قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى نەيزە، قىلىچ، توقماقلار بىلەن بىر - بىرىنى قىرىشقا باشلىدى. ئاتلار ۋە ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى يەر يۈزىنى قاپلىدى. ئەتراپىدىكى يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرلەپ يىقىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قېنى قايناپ ھەممىنى ئۇنتۇغان رۇستەم پالۋان شىرزاتنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلغان چېغىدا شىرزات تۆت - بەشچە دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. ئۇ ئوغلى تەرەپكە ئېتىلدى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى. شۇ قېتىمقى قوچاقلاشما جەڭدە رۇستەم پالۋان ئۆزى يالغۇز نۇرغۇن دۈشمەننىڭ بېشىنى كەستى، بىراق، ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ شىرزاتنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايتتى. ئۇ، ئەتىسى سۈبھىدا، سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن جەسەتلەر ئارىسىدىن ئوغلىنى تېپىپ، ئۇنىڭ مۇزدەك تېنىنى قۇچاقلاپ ئۇزاق ئولتۇردى. چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ، شىرزاتنىڭ تۇغۇلغان ۋاقىتلىرىدىكى خۇشاللىقلارنى، ئۈمىلىگەن، تىلى چىققان، ماڭغان چاغلىرىنى، تۇنجى قېتىم ئاتقا مىنگىنىنى، تەڭتۇشلىرى بىلەن «سوقۇش» قىلىپ ئويناپ يۈرۈپ، قانداقلارچە بىردىنلا چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالغىنىنى. . . ئەسلىدى. بالىنىڭ كىچىكى بولغاچقىمىكىن، شىرزات ئاتا - ئانىسىغا ھەممىدىن يېقىن ئىدى. ئۇ ئاكىلىرىنىڭ دەردىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. ئۇلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولاتتى. ئۇ ئەمدى ئۆيگە قانداقمۇ كىرەر؟ ئۇ ئايالىغا ئوغلۇڭنى قولۇڭغا چوقۇم ساق - سالامەت تاپشۇرىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىغۇ؟ . . .

* * *

يەرلىك خاقانلارنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى نىزا - ئاداۋەتنىڭ كۆچىيىشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىشىگە ۋە پايدىسىز تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولدى. يۇرت چوڭلىرى دۈشمەن قوشۇنى بىلەن سۈلھ تۈزۈشتى ۋە ئالتۇن - كۈمۈش، قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى، ئېسىل ئاتلارنى ئېلىپ، موڭغۇل خانىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يىراق شەرققە قاراپ يولغا چىقىشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ خانىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ ئالىي مەرتىۋىلەرگە تەيىنلەنگەنلىكى، خانىنىڭ ئۇلارغا ناھايىتى كەڭ سۇيۇرغاللىق يەرلەرنى ھەدىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر كەلدى. ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق جەڭلەردىن ھالسىرىغان زېمىن كۈن ۋە ئاي سۈرەتلىك بايراقنىڭ ئارقىسىدىكى ھەددى - ھېسابسىز ياۋ لەشكىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئاستا - ئاستا تىنچىدى. ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆتۈرۈلگەن

قارشىلىقلار تېخىمۇ كۆپ بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ - قېرى - چۆرى، نارەسىدىلەرنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشى، ئۆي - زېمىنلىرىنىڭ كۈلگە ئايلىنىشى بىلەن خۇلاسىلىناتتى. بۇ ۋەھشىيلىكلەر كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، ھەر بىر كۈننى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزۈدىغان قىلىپ قويىدى.

موڭغۇللار ھامان غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان قۇياشنىمۇ توسۇۋالاتتى. ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن يەرلەر قاقجىراپ قالاتتى. كەنت - يوللارغا توشۇپ كەتكەن جەسەتلەرنىڭ ئەتراپىدا قاغا - قۇزغۇنلار ئايلىناتتى. ئادەم بويى ئوت - چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن ئېتىز - باغلار، قورۇلاردا ئىگىسىز ئاتلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار ياشاڭغۇرىغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، گويا ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىگە غەرق بولۇپ كەتكەندەك سائەتلەپ قېتىپ تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ سايىسىنى كۆرۈش بىلەنلا بەدەر قاچاتتى. تاپ يەپ سەمىرىپ كەتكەن لالما ئىتلار ھەممىلا يەردە لاغايلاپ يۈرۈشەتتى.

چوڭ قوشۇن غەربكە ئىلگىرىلەپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەرگە ھۆكۈمران بولۇپ قالغان موڭغۇل بەگلىرى تاغ باغرىدىكى ئەڭ چىرايلىق، مەنزىرىلىك يايلاقلاردا ئۆز كورەلىرىنى قۇرۇشتى. كەڭ ۋىلايەتلەرنى بولسا يەرلىك ئەمەلدارلار ئارقىلىق باشقۇراتتى، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن يەرلىك ئەمەلدارلار خوجايىنلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ياكى ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يەرلىك خەلققە تېخىمۇ ئاشۇرۇپ زۇلۇم سالاتتى. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بۇ زېمىندا ئەركىن - ئازادە ياشاپ كەلگەن خەلق ئەمدى ۋەتەنسىزلىك، قۇللۇق ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. بىراق، ھايات قانۇنىيىتى بەربىر ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى، ھەممە ئادەمنى باشقۇرۇپ ئۆز يولىغا سالاتتى. پادىشاھ ئۈچۈنمۇ، قول ئۈچۈنمۇ ياشاش، تىرىكچىلىك زۆرۈر ئىدى. ئەينى يىللاردا ئاتىلىرى جەڭگە ماڭغاندا بۆشۈكتە ياكى قورۇلاردا لاي ئويناپ قالغان بالىلار بىلىندۇرمەيلا چوڭ يىگىت - قىزلارغا ئايلانغانىدى. قىز - يىگىتلەرنىڭ خالىي يەرلەردە كۆز بېقىشىپ، ئۇچرىشىپ يۈرگىنىنى سەزگەن ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ توينى قىلىشقا ئالدىرىشاتتى. تويلار بىلەن تەڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مەشرەپلەر، ئوغلاق - بەيگىلەر ئەسلىگە كەلدى. تۇرمۇش ئەنە شۇنداق ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشتى. دۇنيانىڭ تەرەپ - تەرىپىگە تۇتىشىدىغان يوللار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار، ئاتلىق، تۆگىلىك، پىيادە سودىگەرلەر، سەيياھلار، جاھانكەزدى دەرۋىشلەر، مۇساپىرلار، قەلەندەرلەر بىلەن ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى.

رۇستەم پالۋان يەنە ئوۋغا جابدۇندى، ئۇنىڭدا ئوۋچىلىقتىن باشقا ھەۋەس قالمىغانىدى. ھەممىلا يېرى ئوغۇللىرىنىڭ، ئۆتۈپ كەتكەن بەختلىك كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى بىلەن تولغان ئۆي ئۇنىڭغا خۇددى گۆرىستانلىقتەك تۇيۇلاتتى. دەرد - ئەلەمدىن مۈكچىيىپ 80 ياشلىق مومايغا ئوخشاپ قالغان، باشتىن - ئاياغ قارا كىيىنىپ قۇپقۇرۇق ئۆيلەردە مەخسەتسىزلا ئەگىپ يۈرىدىغان ئايالى بىلەن ئىككىسى خۇددى بۇ گۆرىستانلىقتىكى ئەرۋاھقا ئوخشايتتى. ئايالى غىزانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپلا چىقىپ كېتەتتى، بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى، چىرايىغىمۇ قارىمايتتى، كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتەتتى.

ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش قېرى ئېتىنى مىنىپ، ئوقياسىنى ئېلىپ، بۈركۈتنى مۈرىسىگە قوندۇراتتى - دە، جىم - جىملا ئوۋغا چىقىپ كېتەتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاتمايتتى، قايتىپ كەلسە ھېچكىم ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقمايتتى. پايانسىز يايلاق، زەڭگەر ئاسمان، ئېگىز تاغ، قويۇق ئورمانلىقلار ئۇنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللىتەتتى. ئۇ ئېتى، بۈركۈتى بىلەن، كۆپىنچە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ دالىلاردا، ئورمانلاردا، گۈلخان يېنىدا يېتىپ - قوپۇپ ھەپتە - ئايلارنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

- تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى، يۇرتنىڭ ئەڭ ئېسىل يىگىتلىرى ئۆلۈپ تۈگىدى، ئۇلانىڭ ئۆلۈمى مۇشۇ ئاقىۋەت ئۈچۈنمىدى؟ مۇنداق بولارىنى ئالدىن بىلگەن بولسا، ئۇلار ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ نېمىمۇ قىلاتتى؟ ئۇمۇ ئوغۇللىرىنى جەڭگە ئەۋەتمەي ساقلاپ قالسا بولماسمىدى؟!

مۇنداق ئويلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەختە - لەختە قىلاتتى، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى، يۈزىنى قارا يەرگە يېقىپ كۈنلەپ بىھوش ياتاتتى. كېيىن ئۇنى بىر سادا ھوشىغا كەلتۈرەتتى. يۈرەككە بەكمۇ يېقىن، تەمكىن بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا: ئوغۇللىرىڭدىن پەخىرلەن. سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ ئۆملەپ ياشاشقا

يارالمىغانىدى، ئۇلار باش ئېگىپ ياشىيالمايتتى. ئۇلار بىكاردىن بىكار ئۆلمىدى، بەلكى ئۆزلىرىگە ھاۋا بىلەن سۇدەك زۆرۈر بولغان نەرسە ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى. بېشىڭنى كۆتۈر، ئوغۇللىرىڭنىڭ روھىنى قورۇندۇرما! دەيتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، روھلىنىپ قالاتتى. ئۆيىنى، ئايالىنى سېغىناتتى. ئۆيى تەرەپكە ئوقتەك ئۇچۇپ بارغۇسى كېلەتتى. ئەمما يىراقتىن ئىشىكى ئالدىدىكى ئاسمانپەلەك چىنارنى كۆرۈشى بىلەنلا كەيپى ئۇچاتتى، يەنە ئازابلىق ئەسلىمىلەر قاينىمىدا بوغۇلۇشقا باشلايتتى.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆيىگە يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، توقايلىقتىكى يالغۇز ئاياغ يولدا بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى. قارا رومال ئارتقان، ئۇزۇن قارا كۆڭلىكى تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان بۇ ئايال شۈبھىسىز ئۇنىڭ ئايالى ئىدى. ئىلگىرىمۇ ئۇ مۇشۇ يولدا دائىم ماڭاتتى، بىراق ئۇ چاغلاردا تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى. چىرايىدا بەخت شادلىقى ۋە ھايات ئىشتىياقى پارلايتتى. ئۇ ھەممە ئاياللاردىن چىرايلىق ياسىنالايتتى. كىيىكتەك يەڭگىل قەدەم تاشلاپ ماڭغان چېغىدا، تېقىمىغا چۈشىدىغان يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچى رىتىملىق يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بىلەزۈك، چاچ تەڭگىلىرىدىن يېقىملىق جىرىڭلىغان ئاۋازلار چىقاتتى...

ئۇ ئىختىيارسىز ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئايالى تونۇش يولدا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئاستا كېتىپ باراتتى. ئۇ باشتىن - ئاياغ قارا كىيىمى بىلەن خۇددى قويۇق دەل - دەرەخلەر، رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر قاپلىغان، كېپىنەكلەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بۇ ماكانغا ئەسلا تەۋە ئەمەستەك، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولىدىغان خىيالىي كۆلەڭگىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، شۇ قەدەر يەككە - يېگانە، شۇ قەدەر مىسكىن ئىدى.

يالغۇز ئاياغ يولنىڭ ئاخىرى تۆۋەنلەپ دەريا بويىغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئايالى دەريا قولتۇقىنىڭ بۇكىدە مەجنۇنتاللار بىلەن ئورالغان پىنھان بىر يېرىگە كەلگەندە كۆزدىن غايىب بولدى. پالۋان ئاستا ئاتتىن چۈشۈپ، قويۇق شاخلار ئارىسىدىن مارىلاپ ئايالىنىڭ دەريا تاشقىنىدىن ھاسىل بولغان ئەينەكتەك سۈزۈك كۆلچەكنىڭ بويىدا توختىغىنىنى كۆردى.

ئايال ئەندىشە ئىچىدە ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى. قولتۇقىدىكى كىچىككىنە بوپىسىنى يەرگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئەتراپنى تىڭشىغاچ كىيىملىرىنى ئاستا يەشكىلى تۇردى. ئايالى ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىدىن روملىنى ئالدى، ئۇزۇن قارا كۆڭلىكىنى، ئىچ كۆڭلىكىنى، تامبىلىنى سېلىۋېتىپ ئىچ تامبال بىلەن سۇغا كىردى. ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئازگالنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئايالىنىڭ بەدىنى ھېلىھەم قاردەك ئاپئاق ھەم يۇمران، كۆكسى تېخى چىڭ، بېجىرىم ئىدى. ئۇ ئۇزاقتىن بويان رومال ئىچىدىن چىقارمىغان چاچلىرىنى چۇۋۇپ، دۆگىلەكرەك كەلگەن مۈرىسىگە يېيىلدۇردى. قوللىرى بىلەن سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ چاچلىرى، مۈرىلىرىنى ھۆل قىلدى، تۈگۈنچەك ئىچىدىن ئاللىقانداق خۇش پۇراقلىق دورا - دەرمەكلەرنى ئېلىپ چېچىنى ۋە بەدىنىنى ئۇزاققىچە ئۇۋۇلاپ يۇدى، ئۇ گويا مۇشۇ يۇيۇشىدا قەلبىدىكى ھەممە دەرد - ئەلەملەرنىمۇ يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى...

پالۋان كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى بىرەر ئىشنى تۇيغاندەك ئەنسىز تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ تومۇرىدا قانلىرىنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقىنىنى سەزدى.

شۇ كېچىسى بۇ بىر جۈپ ئەر - ئايالغا گويا ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتمىگەندەك، شۇنچە ئىشلار يۈز بەرمىگەندەك ياكى بىر كارامەت كۆرۈلۈپ، ۋاقىت كەينىگە يېنىپ ئۆزلىرى ياشلىققا قايتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ۋىسال قاينىمىدا ھارغىچە ئۈزۈپ، شېرىن تۇيغۇلاردىن مەستخۇش بولۇپ يانمۇ يان ياتقان چېغىدا؟ ئايالى ئۇنىڭغا:

— مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، مەن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغاندەك قىلىمەن، — دېدى.

— قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— چۈشۈمگە ئايان بولغان. چۈشۈمدە پەرىشتىدەك بىر موماي قىپقىزىل ئالمىدىن بىرنى بېرىپ،

بۇ ئالەمنى كىيۇيلاڭ بىلەن يە، دەۋاتقۇدەكمىش. ئالەمنى قولۇمغا ئالسام، ئۇ جۇلالىق، قاتتىق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانمىش، ئۇنى سۇمۇرغىنىڭ توخۇمى ئىكەن، دېگۈدەكمىشمەن ... ئويغىنىپ، راستىنلا بىر يەردىن ئالما چىقىپ قالىدىغاندەك ھېچيەرنى قويماي ئىزدەپتىمەن...

پالۋان ئايالىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. بۇ كېچە ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئەمما ئۇلار ياتقان ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن بىر ئىلاھىي نۇر چۈشۈپ تۇراتتى.

توققۇز ئايدىن كېيىن ئايالى رۇستەم پالۋانغا بىر جۈپ - قوشكېزەك ئوغۇل - قىز تۇغۇپ بېرىپ، ئۆزى ئۆرە بولالماي ئۆلۈپ كەتتى. شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭ ئىغىلىدىمۇ بىر بايتال قۇلۇنلىدى. قارىدەك ئاپئاق ھەم بەكمۇ چىرايلىق بۇ تايچاق پالۋاننىڭ قەدىناس ئارغىماق ئېتىنىڭ نەسلى ئىدى.

پالۋان قوشكېزەكلەرنى بايتال سۈتى بىلەن باقتى. ئوغلىغا چىن تۆمۈر، قىزىغا مەختۇمخان دەپ ئات قويدى. ئۇلار كۈنلەپ، ئايلاپ چوڭ بولۇشقا باشلىدى. چىن تۆمۈر بىلەن تايچاق بىر - بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. چىن تۆمۈر كىچىكىدىن تارتىپلا قىلىچۋازلىق، مەرگەنلىك، چەۋەندازلىقتا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. 15 ياشقا كىرگەندە كىشىلەر ئۇنى چىن تۆمۈر باتۇر دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. مەختۇمخانمۇ باتۇر، چەبدەس قىز بولدى، ئۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئات مىنىشنى، قىلىچۋازلىقنى ئۆگەندى، بىراق ئۇنىڭدا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغىنى ئەقلنى لال قىلغۇدەك ھۆسن ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى گويا نۇردىن، سۇدىن پۈتۈلگەنگە ئوخشايتتى. ئەگمەچ، ئۇزۇن كىرپىكلەر بىلەن ئورالغان كۆزلىرى يېشىل، زەڭگەر، قارا، سېرىق، قىزغۇچ رەڭلەردە چاقنايتتى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆزلىرى قاماشاتتى. ئۇنىڭ قويۇق، سۇمبۇل چاچلىرىمۇ كۆزلىرى بىلەن رەڭداش ئىدى، بىر قارىسا قارا، بىر قارىسا يېشىل، بىر قارىسا قىزغۇچ كۆرۈنەتتى. ئۇ، بويىغا يېتەر - يەتمەي ئۇنىڭ تەرىپى ھەممە يەرگە تارالدى. كىشىلەر ئۇنى مەختۇمسۇلۇ (گۈزەل مەختۇمسۇلا) دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئاكا - سىڭىل دادىسىنىڭ ئاتا - بوۋىلار، بۇرۇنقى جەڭلەر ۋە باشقا مەرد - مەردانىلار توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى زېرىكمەي ئاڭلايتتى. قېرى پالۋان چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ۋۇجۇدىدىن ئوغۇللىرى - قولىدىن ئۇچۇپ كەتكەن لاچىنلىرىنى، قەدىناس ئايالىنىڭ ياش چاغلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتى، توغرىراقى، ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك كۈچ - پاراسەت ۋە ھۆسن - جامالنى كۆرەتتى. ئاتىنىڭ قورۇق باسقان، دەرد - ئەلەمدىن سولغان چىرايىدا يەنە خۇشاللىق پارلىدى. ئۇ، ئۆز ھاياتىنىڭ داۋامى ۋە ئۈمىدى بولغان قوشماق پەرزەنتىدىن زوقلىناتتى، پەخىرلىنەتتى، «مېنىڭ ئۇرۇقۇم، مېنىڭ نەسلىم ئەمەسمۇ» دەپ ماختىناتتى، نى - نى ئارمانلارنى قىلاتتى.

بىراق... مانا ئەمدى ئۇ ئۆلۈم تۆشىكىدە ئەزرائىلنى كۈتۈپ ياتىدۇ. قارىغاندا، ئۆلۈمگە تەن بەرمەي ئامال يوق ئوخشايدۇ. ئاتا ئوغلىغا تىكىلدى، كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بولۇڭدىكى كونا تۆمۈر ساندۇقنى ئىملىدى. يىگىت دەس تۇرۇپ بولۇڭغا باردى - دە، ھېچقانچە كۈچىمەي تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئاغزىدىكى يوغان سېرىق قۇلۇپنى داتلىشىپ كەتكەن زەنجىرى بىلەنلا سۇغۇرۇۋېلىپ، ساندۇقتىن قىزىل لاتىغا ئورالغان كۈمۈش غىلاپلىق، كۈمۈش دەستىلىك قىلىچنى ئالدى، ئىككى قوللاپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بېلىگە تاقاپ دادىسىغا كۆرسەتتى. دادا زەئىپ كۈلۈمسىرىدى، ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، مۆل - مۆل يىغلاپ ئولتۇرغان قىزىنىڭ قولىنى پالۋان ئوغلىغا تۇتقۇزدى - دە، شۇ ھامان تېنى لەسسىدە بوشاپ كەتتى.

* * *

ئۆي ئالدىدىكى چىنار تۈۋىدە، ئېگىز ئۆسكەن يۇگمەچ، قىياق، يالپۇزلارنىڭ ئارىسىدا تۆپە تەرىپى مەرمەردەك پارقىراپ تۇرىدىغان، ئاستىنى قېلىن سارغۇچ مۇخ قاپلىغان يوغان قاراتاش چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تېگىدە قۇرت - قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرنىڭ تۇخۇملىرى بىلەن تولغان سانسىز كىچىك ئۆۋۈلار بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تاشنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قايسىبىر ئۇلۇغ بوۋىسى ياش ۋاقتىدا مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ تاشلاپتىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يۆتكەيدىغان ئادەم چىقماپتىمىش. كېيىنكى ۋاقىتلاردا

كىمكى ئۇنى يۆتكىسە، ئات بېشىدەك ئالتۇن بېرىمەن، دېگۈچىلەرمۇ، بۇ ۋەدىلەرنىڭ راست - يالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى يۆتكەشكە ئۇرۇنۇپ باققۇچىلارمۇ چىققانىكەن. ئەمما ئات بېشىچىلىك ئالتۇنغا ئېرىشىش ھېچكىمگە نېسىپ بولماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تاش بارا - بارا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىپ كۈلكە - چاقچاق بىلەن كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشمايدىغان، چېلىشىپ، كۈچ سىنىشىپ بەسلەشمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىراق بۇ تاش ھەققىدىكى رىۋايەتنى چىن تۆمۈر ئۇنتۇمىدى. ئۇ ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا دادىسىغا: «قاراپ تۇر دادا، مەن چوڭ بولغاندا مۇشۇ تاشنى يۆتكىۋېتىمەن» دېگەندە، دادىسى مۇشتۇمدەك ئوغلىنىڭ گېپىگە زوقلىنىپ كۈلگەنىدى. بۇ گەپلەرنى دادىسىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى، ئەمما چىن تۆمۈر ئۇنتۇمىدى، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە چىقىپ بۇ تاشنى سىلايتتى، مىدىرلاتماقچى بولاتتى، تاشنىڭ كاۋاكلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى.

. . مانا بۈگۈنمۇ ئۇ تاڭ سەھەردىلا پىكىر - خىيالىنى ئىگىلىۋالغان بۇ تاشنىڭ ئالدىدا جىممىدە تۇرىدۇ. خۇددى مەشۇقى ئالدىدا تۇرغان تەجرىبىسىز يىگىتتەك يۈرەكلىرى دۈپۈلدەيدۇ، كۆچلۈك ھاياجاندىن كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيىدۇ. مۇشۇ تۇرقىدا ئۇ خۇددى ماھىرلىق بىلەن ياسالغان گۈزەل ھەيكەلگە ئوخشايدۇ. ئۇ بەك ئېگىز بوي ئەمەس، ئەمما ئالاھىدە كەڭ يەلكىسى، ئۇزۇن، بەردەم پاقالچاقلىرى ئۇنىڭ پالۋانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. كۆچلۈك ھەم توم بوينى، پۇت - قوللىرىنىڭ جايلىشىشىدا ئۆزگىچە بىر ماسلىشىشچانلىق، سەنئەت بار. بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدىكى جەسۇرلۇقتىن دېرەك بېرىپ تۇرغۇچى قويۇق قارا قاشلىرى قالپىقىنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرىدىغان سەل بۇدۇر چېكە چاچلىرىغا قەدەر سوزۇلغان. ئېگىز قاڭشىرىنىڭ ئىككى يېقىدىكى قاپقارا، ئۆتكۈر كۆزلىرىگە قانداقتۇ بىر خىيال چۆككەن، ئاشۇ خىيال ۋە نامەلۇم ئىچكى كۈچ تەسىرىدىن گاھ ئوتقاشتەك قىزارسا، گاھ تاتىرىپ، سوزۇلۇپ قالىدىغان چىرايىدا ئەجدادىغا خاس قىزىققانلىق، كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە مەرد - مەردانە ئوچۇق تەبىئەت تېشىغا تېپىپ تۇرىدۇ.

چىن تۆمۈر سارغۇچ ئۇزۇن تونىنىڭ ئوڭ پېشىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ، تاشنىڭ يېنىغا زوڭزايدى. ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ سىلىق تاشنىڭ ئەپلىك يەرلىرىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن: «ياپىرىم! » دەپ قاتتىق بىر كۈچىدى. پاھ، يەرگە يىلتىز تارتىپ كەتكەندەك ئۈيۈپ كەتكەن تاش خېلىلا كەڭ دائىرىنىڭ تۇپىسىنى قومۇرۇپ، خۇددى داڭگالدەك دومىلاپ، سەل نېرىدىكى ئويمانغا بېرىپ توختىدى. چىن تۆمۈرنىڭ تەر تەپچىپ تۇرغان، قان تولغان چىرايىغا تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق تەپتى. ئۇ شەھەر ئالغاندەك خۇشلۇق ئىچىدە چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىپ، بەلبېغى بىلەن تەرىنى سۈرتتى، ئالدىنى ئېچىۋېتىپ يەلپۈندى، سىڭلىسى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاكىسىنى قۇتلۇقلىدى، ئىشىك ئالدىغا ئېتىلىپ چىققان كاپ - كاپ كۈچۈكى ئۇنىڭغا ئەركىلىدى، قوللىرىنى يالاپ ئويناشتى، ئېغىلدىكى ئارغىمقى گويا ئىگىسىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشماقچىدەك ياڭراق ئاۋازدا كىشنىدى. يۇرت - مەھەللىدىكىلەر بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن نە - نەلەردىن يېتىپ كېلىشتى، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندە بولسا، ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن خاسىيەتلىك ئادىمگە ئېرىشكەندەك روھلىنىپ، ئۈمىدلىنىپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىنار تۈۋى يەنە ئاۋاتلاشتى. يېقىن - يىراقتىكى قېنى قايناق، جەسۇر يىگىتلەر بۇ يەرگە يىغىلىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەختۇمسۇلانى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىدىغانلارمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

* * *

كېيىنكى يىللىرى بۇ ئەتراپتا كىچىك بىر ئاتلىق قوشۇن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار يەرلىك خەلقنى زار - زار قاقشاتقان موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە ۋە زوراۋان بەگلەرگە كېچىلىرى ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرەتتى. زۇلۇم، ناھەقچىلىق قەيەردە ئېغىر بولسا، چەۋەندازلار شۇ يەردە پەيدا بولاتتى. ئۇلار قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولاتتى. دۈشمەننىڭ قاتمۇ قات قورشاپلىرى ئىچىدىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بۆسۈپ چىقىپ كېتەلەيتتى. ئۇلارنىڭ باشچىسى قاردەك ئاپئاق ئارغىماق مىنگەن، كەڭ يەلكىلىك بىر زەربەردەست پالۋان ئىدى. خەلق ئارىسىدا ئاق ئاتلىق پالۋان ۋە ئۇنىڭ يەتتە كۆنلۈك يولنى

بىر كۈندە باسىدىغان ئارغىمىقى توغرىسىدا ئاجايىپ رىۋايەتلەر تارقالغانىدى.

- بىر قېتىم بىزنىڭ پالۋان ھەمراھلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز قالماقلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قاپتۇ، - دەپ ھېكايە قىلاتتى ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار ھەۋەس بىلەن، - ئۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ بەدىنىگە دۈشمەننىڭ شوم ئوقى كېلىپ سانجىلىپتۇ. پالۋان ئاتتىن يىقىلىپتۇ. قالماقلار ئۇنى تىرىك تۇتىدىغان بولدۇق، دەپ قىن - قىنىغا پاتماي ئۇنىڭغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. شۇ چاغدا كارامەت بىر ئىش بوپتۇ. پالۋاننىڭ ئېتى ئۇنى بەلبېغىدىن چىشلىگىنىچە ئوقتەك ئۇچۇپ، دۈشمەن مۇھاسىرىسىدىن ئەپچىقىپ كېتىپتۇ. دۈشمەنلەر ئاغزىنى ئاچقىنىچە قاراپ قېلىشىپتۇ...

- بىزنىڭ باتۇر ئارغىمىقى بىلەن بىر كۈن - بىر سائەتتە تۇغۇلغانىكەن، ئانىسى ئۇنى تۇغۇپ بولۇپلا ئۆلۇپ كەتكەچكە، ئۇ ئارغىماقنىڭ ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئىچىپ چوڭ بولغانىكەن، ئىككىسى بىر - بىرىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىكەن، ئۇنىڭ جېنى ئاشۇ ئارغىماقتا ئىكەن...

- ئۇنىڭ تەڭداشسىز بىر مىسران قىلىچى بار ئىكەن. ئۇ ئاشۇ قىلىچنى ئېلىپ، ئارغىمىقىغا مىنىپ دۈشمەن توپىغا كىرىپ كەتسە، ئۆزى يالغۇز بىرەر مىڭ دۈشمەنگە تېتىيدىكەن، - دېيىشەتتى يىگىتلەر.

- ئۇنىڭ ئاجايىپ ساھىبجامال ھەم باتۇر سىڭلىسى بار ئىكەن، ئۇ، سىڭلىسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدىكەن، - دېيىشەتتى قىزلار ۋە كۆڭۈللىرىدە مەختۇمسۇلاغا ھەۋەس قىلىشاتتى.

- ئۇنىڭ كاپ - كاپ كۆچۈكىمۇ بار تېخى، - دېيىشەتتى باللار بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي، - ئۇ، باتۇرنىڭ ئۆيىگە ھېچقانداق يات ئادەمنى يولاتمايدىكەن، يامان نىيەتلىك ئادەملەرنى يىراقتىنلا بىلۋېلىپ، تالاپ جېنىنى ئالىدىكەن...

كىشىلەر تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان ۋە يوشۇرۇن ئۈمىد ئىلكىدە تەنلىرى جۇغۇلدىغان ھالدا ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى سېلىشاتتى، ئاڭلىغان يېڭى خەۋەرلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىشاتتى، ھەممىلا يەردە، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ بىرلا گەپ ئىدى.

ئاق ئاتلىق پالۋان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى موغۇل ئەسكەرلىرى بىلەن بەگلەرنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويغانلىقتىن، ئۇلار كورەلىرىدىن ئاسانلىقچە سىرتقا چىقمايدىغان، دەريادىن ئۆتۈشكە تېخىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. بەزى جايلاردا كىشىلەر قوزغىلىپ موغۇللارغا ئولپان، ئالۋاڭ - ياساق تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. بۇ ھالەت خېلى ئۇزاق داۋاملىشىپ، خەلق ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

قىسقىغىنە بىر نەچچە يىللىق ئەمىنلىك ئىچىدە يايلاقلار يەنە ئۆيۈر - ئۆيۈر يىلقىلارغا، ئامبارلار ئاشلىققا تولدى. كىشىلەر ئارىسىدا مەئىشەت، داغۋازلىق ئەۋج ئالدى. قىز - چوكانلار تۇزدەك ياسىنىشاتتى. مەيخورلۇق، ئېچكىۋازلىقلار نەچچە كېچە - كۈندۈزلەپ داۋام قىلاتتى. پەقەت چىن تۆمۈرلا مۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ ئويچان يۈرۈيتتى. تولاراق سەپەرگە، ئوۋغا چىقىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئۇ سەپەردىن قايتىپ مەختۇمسۇلانىڭ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

- نېمە بولدۇڭ جان - جىگەر قېرىندىشىم؟ ساڭا كىم ئازار بەردى؟ - دەپ سورىدى ئۇ.

- ھېچكىم، جان ئاكا. ئۆزۈمچە شۇنداق...

- كۆز ياشلىرىڭ ئارامىمنى بۇزدى، چىن سۆزۈڭنى ئىشىتسەم دەيمەن، - دېدى چىن تۆمۈر يەنە.

- ... چەرچىن مالچىنىڭ بەك چىرايلىق تارغىقى بار ئىكەن، كۈمۈش ساپلىق، ياقۇت كۆزلۈك...

قىز خۇددى ئەيىبكاردەك قىزىرىپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى تۆۋەنگە قاراتقىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

- شۇنچىلىك ئىشمىتى، ھېلىغۇ كۈمۈشكەن، ئالتۇن بولسىمۇ سېنىڭ بىر تالچە يېشىڭغا ئەرزىمەيتى سىڭلىم، كۆڭلۈڭنى بۇزما، - دېدى چىن تۆمۈر جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ. ئۇ ئۇندىمەي بېرىپ تامدىن ئوقياسىنى ئالدى، ئېغىلغا كىرىپ ئېتىنى ئىگەرلەپ، كۆچۈكىنى ئەگەشتۈرۈپ دالىغا - ئوۋغا ماڭدى.

كۆپ ئۆتمەي كۈمۈش ساپلىق، ياقۇت كۆزلۈك تارغاق مەختۇمسۇلانىڭ بولدى. ئۇ تاپىنىغا چۈشىدىغان

يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى قوچىقىغائېلىپ چۈۋۈپ چىرايلىق تارىغىقى بىلەن تاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاچلىرىغا مۇشۇ تارغاقلا لايىق ئىدى. تۇم قارا، دانە - دانە چاچ تالالىرى تارغاقنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن، قىزنىڭ نازۇك بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇدەك قويۇلاتتى، كۆكۈچ، قىزغۇچ رەڭلەردە جۇلالىنىپ مەسەن - مۇسەندەك چاقنايتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى چاچ ئەمەس، بىر كارامەت ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاكىسى دوستلىرى بىلەن سەپەرگە جابدۇندى، يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ سىڭلىسىغا جېكىدى:

- سىڭلىم، ئۆبدان سىڭلىم، ئۆيدىن تالاغا چىقما، چىقساڭمۇ ئۆزۈن هايال بولما!

- خوپ، جان ئاكا، - دېدى مەختۇمسۇلا.

ئۇ بىر چىرايلىق باهار ئەتىگىنى ئىدى. دەريا بويىدىن كاككۇكنىڭ ئاۋازى كېلەتتى، مۇنداق چاغلاردا دەريا بويىدىكى توقايلىقنى رەڭگارەڭ ياۋا گۇللەر ۋە ياۋا ئالما چېچەكلىرى قاپلاپ كېتەتتى. ياۋا گۇل ۋە چېچەك هىدى كىشىنى مەست قىلاتتى. مەختۇمسۇلانىڭ دەريا بويىغا ئۆتتەك بارغۇسى كەلدى، ئەمما ئاكىسىنىڭ نەسىهىتىنى يادىغا ئېلىپ ئۆيدىن چىقمىدى. ئەتىسى، ئۆگۈنىمۇ هاۋا شۇنداق ئوچۇق بولدى. كاككۇك ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى. مەختۇمسۇلا ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكتى، ئاخىرى ئۇ كۈمۈش ساپلىق تارغىقىنى ئېلىپ، كاپ - كاپ كۈچۈكنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى.

دەريا بويى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن نەچچە هەسسە گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى، يىللىق باهار شاملى ئۇنىڭ قەلبىدە شېرىن ئارزۇلارنى ئويغاتتى. ئۇ، ئۇنچە - مارجانلىرىنى چاچرىتىپ قىنىغا پاتماي خۇشال شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەريانى بويلاپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، ياپيېشىل قىرغاقنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پىنهان بىر يېرىگە بېرىپ ئولتۇردى. شايى كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى جەينەكلىرىگىچە تۈرۈۋەتتى، كۈمۈش بىلەزۈكنى ئۈدرۈق بىلەكلىرىنىڭ سەل يۇقىرىسىغا كۆتۈرۈپ قويدى، بېشىدىن رومىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، چاچلىرىنى قويۇلدۇرۇپ سۇغا ئېگىشتى، ئېگىشتىيۇ، سۈزۈك سۇ يۈزىدە كۆرۈنگەن بىر سۈرەتتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. . .

پاھ، كىمدۇ بۇ؟ كاماندەك ئەگىم - ئەگىم قاشلار، يۇلتۇزدەك نۇرلۇق كۆزلەر، ئاناردەك مەڭىزلەر.

. . ئاۋۇ تولغان، ئاپئاق بىلەكلەرچۇ تېخى. . . تەڭداشسىز بىر ساهىبجامال! هايال ئۆتمەي ساهىبجامال سۈرىتىنىڭ يېنىدا شوڭقار كۆزلۈك، جەسۇر بىر چىراي پەيدا بولدى، ئۇ چىن تۇمۇرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ مەختۇمسۇلاغا قاراپ كۈلدى. بىر نەرسە دېمەكچىدەك تەلمۈردى، ئۇنىڭغا قاراپ قوللىرىنى سوزدى. . .

مەختۇمسۇلا بىردىنلا شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك بولۇپ ئەتراپقا چۆچۈپ قارىدى، ئۆزىچە ئويۇلۇپ يۈزىنى قوللىرى بىلەن توستى، بىر پەستىن كېيىن ئۇ بايىقى سۈرەتنى قايتا كۆرمەكچى بولۇپ ئېگىشتى، كۆزى سۇ يۈزىنى قاپلىغان چاۋار - چاتقالغا چۈشتى. تېز ئېقىن بۇ تىنچ قولتۇققا بىر مۇنچە ئەخلەت - چاۋار، قۇرۇق شاخ، يوپۇرماقلارنى سۈرۈپ كىرگەنىدى.

* * *

خۇددى شۇ سائەتتە دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدا بىر چىشى كىيىك ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىپ دەريا بويلاپ قېچىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنى ئارقىسىدىن 20 - 30چە ئاتلىق قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئىككى يېقىدىنمۇ ئوقلىغان تايغانلارنى ئالدىغا سالغان چىنتۇچىلار قاپساپ كەلمەكتە ئىدى. ئادەملەرنىڭ هايت - هۇيتلىرى، تايغانلارنىڭ قاۋاشلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، مۇهاسىرە چەمبىرىكى تارىيىشقا باشلىدى. بىچارە جانۋارنىڭ كۆزلىرى پاناھ ئىزدىگەندەك ئەتراپقا مۆلدۈرلەپ باقاتتى، پۇتلىرى دىر - دىر تىترەپ، پات - پاتلا مۈدۈرۈپ كېتەتتى، شۇ هامان يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ جان ئاچچىقىدا ئالدىغا - تېخىمۇ بىپايان هەم يوچۇن مەنزىلگە قاراپ چاپاتتى. يىراقتا بىر تۆپىلىك كۆرۈندى. ئۇ ئاشۇ تۆپىلىكتىن ئۆتۈۋالسىلا قېچىپ قۇتۇلغان بولاتتى. ئەمما. . . تۆپىلىكتە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىككى ئاتلىق پەيدا بولدى. ئەمدى ئۇ جان جەهلى بىلەن ئۆزىنى دەريا بويىدىكى توقايلىققا ئاتتى. ئاتلىقنىڭ بىرى قولىدىكى بۈركۈتنى

قويۇۋەتتى. بۈركۈت چىشى كىيىك تەرەپكە ئوقتەك ئۇچۇپ ئۇنىڭ باش ئۈستىدە بىر پەس ئايلانغاندىن كېيىن، شىددەت بىلەن پەسكەشۇڭغىدى. ئىككى ئاتلىق يېتىشىپ كەلگەندە، چىشى كىيىك بۈركۈتنىڭ تۆمۈر پەنجىسى ئارىسىدا جان تالاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ئۆلۈم ئالدىدىكى ساھىبجامالنىڭ كۆزلىرىدەك چەكسىز ھەسرەت، مۇڭ بىلەن يېنىپ خىرەلەشتى ۋە بۇ كۆزلەردىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. كىم بىلىدۇ، ئاشۇ ئاخىرقى پەيتتە ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى، ئۆزىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان باللىرىنى ئەسلىگەندۇ...

ياندىن تۈگمىلەنگەن ئۇزۇن سېرىق چاپان كەيگەن ئاتلىق كىيىكنى ھەمراھلىرىغا تاشلاپ بېرىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. بېشىدىن كىگىز قالپىقىنى ئېلىپ، ياقىسىنى سەل - پەل بوشاتتى، يەڭلىرىنى تۈرۈپ دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ 30 لاردىن ئاشقان، خوتۇنلارنىڭكىدەك سىپسىدام يۈزىدە قارا، قىسىق كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، يۈز سۆڭەكلىرى بۈرتۈپ چىققان پاكار، دىخماق ئادەم ئىدى. يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ھۆكۈمرانلارغا خاس سۈلەت، ئات ئۈستىدە، جەڭ ئوتلىرى ئىچىدە چوڭ بولغان كىشىلەرگە خاس چەبدەسلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، سۇ بويىغا زوڭزايدى. پەنجىسى كەڭ ئالقانلىرىغا توشتۇرۇپ سۇ ئېلىپ، تەرلەپ كەتكەن بويۇن، باشلىرىنى يۇدى. يۇيۇۋېتىپ تويۇقسىز بارماقلىرىغا ئىلىنغان بىر نەرسىگە ھەيران بولۇپ سىنچىلاپ قاراپ قالدى. ئۇ ئات يايلىدەك بىر نەرسە بولۇپ، ئات يايلىدىن ئۇزۇن ھەم پارقىراق، جۇلالىق ئىدى. سۇ ئىچىدە خۇددى ھەسەن - ھۈسەندەك، جىنى باردەك، تۈرلۈك رەڭلەردە چاقنايتتى. بۇ نېمىدۇ؟ ئات يايلى بۇنداق چىرايلىق بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇن كىشىنىڭ چېچى دېيىشكە توغرا كەلسە، دۇنيادا مۇشۇنداق چاچمۇ بولامدىغاندۇ؟ مۇشۇنداق چېچى بولغان خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى قانچىلىك گۈزەلدۇ؟

ئۇ ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن يىپەك ياغلىقىنى ئېلىپ، چاچنى ئورىدى - دە، چىدىغۇسىز بىر ۋەسۋەسە ئىلكىدە دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى توقايلىققا تىكىلدى. قارشى قىرغاق تىپتىنچ ئىدى، ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىرغىپ ئېتىغا مىندى - دە، ھېچكىمگە بىر ئېغىز گەپ قىلماي، چېدىر - بارگاھلىرى تەرەپكە چېپىپ كەتتى. ئۇ ئۆز قەبىلىسىدىكى ئەڭ قېرى دانىشمەننىڭ ئالدىغا كىردى. دانىشمەن ئۇنىڭغا: «شاھزادەم، بۇ بىر بولسا دۇنيادىكى ئېسىل ئاتنىڭ يايلى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قىزنىڭ چېچى» دېدى.

— ئەگەر دۇنيادا مۇشۇنداق ئېسىل ئات بولسا، ئۇ چوقۇم ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق گۈزەل قىز بولسا، چوقۇم ماڭا خوتۇن بولىدۇ، - دېدى ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسە كۈنسېرى كۈچىيىپ، ئۇنى ئۇيقۇ ۋە غىزادىن بىدار قىلدى. ئۇنىڭ ياپيالڭ يۈزلۈك، قىسىق كۆزلۈك خوتۇنلىرى ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالماس بولۇپ قالدى. موڭغۇللارنىڭ ياشانغان خانى ۋە ۋەزىر، مەسلىھەتچىلىرى ئۇنىڭ ھالىدىن تەشۋىش - ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى. ئۇلار باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا ھىيلىگەر ۋە قىزىقچى ھەرەم بېگى (تەيجى) نى كىرگۈزدى. ھەرەم بېگى مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ يەرنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، ئادەملىرىنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدىغان، بىلمىگىنى قالمىغان، گەپدان، قىزىقچىلىقى بىلەن ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ داۋاملىق دەريادىن ئۆتۈپ يەرلىك بەگلەر بىلەن كەلدى - باردى قىلاتتى، ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قىيىن، مەخپىي ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. ئەمما بۇ قېتىم شاھزادىنىڭ ئالدىدا ئۇ ئامالسىز قالدى.

— ھۆكۈمرانىم، - دېدى ھەرەم بېگى، - بۇ چاچ دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى تەڭداشسىز بىر گۈزەل قىزنىڭ چېچى. ئەمما ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئېلىش نىيىتىڭىزدىن ۋاز كەچكىنىڭىز ياخشى، چۈنكى خاندانىمىزغا تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان چىن تۆمۈر يەنى ئاق ئاتلىق پالۋان ئۇنىڭ ئاكىسىدۇر. ئەگەر ئاشۇ پالۋاننىڭ قولىدىن بۇ قىزنى تارتىۋالماقچى بولساق، يەرلىك خەلق بىزگە قارشى قوزغىلىدۇ، دەريا - قان تۆكۈلىدۇ.

شاھزادە ئۇنىڭ سۆزىدىن دەر غەزەپكە كېلىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھەرەم بېگىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولدى.

- مۇشۇ بىرلا قېتىم سەندىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، شاھزادەم، - دېدى چىرايى توپىدەك تاتارغان ھەرەم بېگى بېشىنى چوڭقۇر ئەگكىنىچە، - ماڭا مۆھلەت بەرگىن، ئەگەر ئاشۇ مۆھلەت ئىچىدە مەن ئۇ قىزنى ئالدىڭغا ئەكىلىپ بېرەلمىسەم، بېشىمنى قىلىچىڭ ئاستىغا ئۆزۈم تۇتۇپ بېرىمەن.

شاھزادىنىڭ كۈمۈش دەستىسىگە بۈركۈت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئەگرى قىلىچى ھاۋادا بىر پەس تۇرۇپ، ئاستا تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ پۈشۈلداپ ئېغىر تىندى. ساڭگىلاپ چۈشكەن قاپىقى ئاستىدىن ھەرەم بېگىگە ھومىيىپ قاراپ:

- بوپتۇ، ئۆمرۈمدە مۇشۇ بىرلا قېتىم قىلىچىمنى كەينىگە ياندۇرغان بولاي، ساڭا توققۇز كۈن مۆھلەت بېرىمەن، ئېسىڭدە بولسۇن، جېنىڭ مېنىڭ ئالقىنىمدا، - دېدى.

ھەرەم بېگى بېشىنى چوڭقۇر ئەگكىنىچە ئارقىچىلاپ مېڭىپ چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقتى، بىر نەچچە قەدەم ماڭار - ماڭماي پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەپ يەرگە موككىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان بېشىدىن قاما تۇمىقىنى ئېلىپ يۈزىگە باسقىنىچە يىغلاپ تاشلىدى.

سەيياھلار كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە بولغان بىپايان زېمىندا، ئىنسان ئايىغى تەگكەنلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە كۈن ۋە ئاي بەلگىلىك بايراق لەپىلدەيدۇ، بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ موڭغۇل خانىغا قارايدۇ، دېيىشەتتى. تاغ يوللىرىدا يىراق ئەللەرنىڭ كارۋانلىرى ئۈزۈلمەيتتى. غەربتىكى ئەللەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، ئالماس - مەرۋايىتلىرى، ئەينەك قاچا - قۇچا، ئېسىل كىيىم - كېچەك، يۇڭ چەكمەن، گۈللۈك رەخت ۋە پاختىلىرى، نەسىللىك ئات، ئاق شۇڭقار، پولات قوراللىرى، ئىپار، ئەتىر، بوكەن مۈڭگۈزلىرى، قىممەتلىك جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن كەمەر، ئۆتۈك قاتارلىق ماللىرى، تۈرلۈك ئۆي جابدۇقلىرى موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە يىراق شەرقتىكى ئۇلۇغ خاننىڭ ئاستانىسىگە توشۇلاتتى. بۇ كارۋانلار تىك داۋانلاردا داۋاملىق يەرلىك تاغچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بەزىدە قاتتىق جەڭلەر بولۇپ تاغ يولى جەسەتكە تولاتتى، كارۋانلار مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تىرىك قالغانلىرى جېنىنى ئاران ئەپقاچىدىغان ئىشلار تولا يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا كارۋانلار بۇ يوللاردا يالغۇز - يېرىم مېڭىشتىن ھەزەر ئەيلىشەتتى، خىل قورال - ياراقلار بىلەن قوراللىنىپ، توپلىشىپ ماڭاتتى، شۇنداقتىمۇ زىيان تارتىدىغانلار تولاراق يەنىلا كارۋانلار بولاتتى.

بۇ قېتىم تاڭ ئالدىدا قىسقا ئەمما شىددەتلىك جەڭ بولدى. گۈلخانلار ئۆچۈپ، ھارغىن يولۇچىلارنى سەھەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسى باسقان چاغدا تاغۇ - تاشلارنىڭ ئارقىسىدا ئەرۋاھتەك سىرلىق كۆلەڭگىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار قاراڭغۇلۇق قوينىدا مۈشۈكتەك يەڭگىل ھەم چەبدەس قەدەملەر بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، مۈگدەۋاتقان كۆزەتچىلەرنى جايلىۋەتكەندىن كېيىن، ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئات ۋە تۆگىلەرنى يېتىلەپ چاقماق تېزلىكىدە ئېگىز قىياتاشلارنىڭ ئارقىسىدا غايىب بولدى. شۇ پەيتتە كىمدۇر بىرى چۈشەكىگەندەك قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتمىگەن بولسا، بەلكىم تاڭ ئاتقاندا ئويغانغان يولۇچىلار قوللىرىدا مەھكەم تۇتۇۋالغان چۇلۋۇرلارنىڭ بىرەر تاش ياكى بىرەر دەرەخكە باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بىر پەس قايغۇرغان، كېيىن جانلىرىنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكرى قىلىشقان بولاتتى، ئەمما ئىش ئۇنداق بولمىدى. كىمدۇر بىرى چۈشەكىگەندەك قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى. كىشىلەر چۆچۈپ ئويغىنىپ، قوراللىرىنى قولغا ئېلىشتى. كارۋانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى، نى - نى جەڭلەرنى كۆرۈپ پىشقان ئاجايىپ باتۇر يىگىتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قېتىم ئۇلۇغ موڭغۇل خانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەشكە ئاتالغان بۇ ئېسىل سوۋغاتلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا موڭغۇللارنىڭ ئەڭ تەجرىبىلىك مىڭ بېشىلىرىدىن بىرى ۋە بىر توپ جەڭگىۋار ئاتلىق ئەسكەر تەيىنلەنگەنىدى.

ئۇلار قىياتاشنىڭ ئارقىسىدىكى يانباغىردا بىر توپ نىقابلىق پالۋان بىلەن تۇتۇشتى. بىر پەستىلا تاغ باغرىنى قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى، داد - پەرياد، ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئەنسىز

كىشنەشلىرى قاپلاپ، ياپيېشىل چۆپلۈك قانغا بويالدى. ھەر ئىككى تەرەپ جان پىدالىق كۆرسەتتى، ئىككىلا تەرەپتىن تالاپەت ئېغىر بولدى. تاڭ سۈزۈلگىلى تۇرغاندا نىقابلىقلار جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قاچتى. بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپلا كەتسە، ئۇلارنى تۇتىمەن دېيىش دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەكلا بىر ئىش بولاتتى. كۆپ قىسىم كارۋانلار بۇ تاغلار ئارىسىدا تىنەپ يۈرۈپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. بۇ تاغلار ئارىسىدىكى ھەر بىر تاغۇ ـ تاش، دەل ـ دەرەخنىڭمۇ ئۆزلىرىگە دۈشمەن ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئايان ئىدى. پەقەت مىڭ بېشىلا ئامان قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن تاغچىلارنى قوغلاپ ماڭدى، ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى، ئۇلار بۇ تاغلار ئارىسىدا ئۆلمىسە ئۆز ئادەملىرىنىڭ قولىدا ئۆلەتتى.

* * *

چىن تۆمۈر بىلەن كەنجىتاي كەينىگە چۈشكەن موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى بىر كېچە ـ كۈندۈز چۆرگىلىتىپ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى تاشلاپ پەقەت ئۆزلىرىگىلا مەلۇم بولغان بىخەتەر يولغا چۈشتى. يىگىتلەر ئىلگىرىكى مەسلىھەت بويىچە گۇلجىلارنى ئاللىقاچان ئىشەنچلىك جايغا يوشۇرۇپ بولدى، ئەمدىكى گەپ، بۇ ئىش بېسىققۇچە مەلۇم ۋاقىت ئۇۋىدىن باش چىقارماي يېتىشتا قالغانىدى. مانا ئەمدى تىك تاغلار شالاڭلاپ، يول خېلى ئاسانلاشتى، ئۇلار ئاتلارنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ئارام ئالدۇرغاچ ئالدىرىماي كېتىپ بارىدۇ. چىن تۆمۈر ھارغىن، گويچان، ئەمما سەگەك، دەرەخلەردىكى قۇشلارنىڭ قانات قېقىشلىرى، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئۆمۈلەشلىرىنىمۇ تۇيۇپ تۇرىدۇ. كەنجىتايغا گويا ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەندەك، بارار مەنزىلىدە قانداقتۇ چوڭ خۇشاللىق كۈتۈپ تۇرغاندەك، ماڭغانچە روھلىنىپ، ئېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە زوقلىنىپ قارايدۇ. ياراتقۇچىنىڭ چېۋەر قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاتمۇقات يېشىل تاغلار، قاتار سانجىلغان نەيزىدەك كۆككە قاراپ تەكشى بوي تارتقان مىڭ يىللىق قارىغاي ـ ئارچىلار، قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر، تاغلار ئارىسىدىن تولغىنىپ، يۆگىشىپ، چاپچىپ چىقىپ، گاھ تاغلارنىڭ ئېتىكىدە، گاھ چوڭقۇر جىلغىلاردا شارقىراپ ئاقىدىغان جىرا سۇلىرى ئۇنىڭغا گويا خىيالىي كۆرۈنۈشلەردەك، ئاشۇ سۈرەتتەك چىرايلىق مەنزىرە ئىچىدىن، قايسىبىر قارىغاي ـ ئارچىلارنىڭ ئارقىسىدىن لىپلا قىلىپ بىر گۈزەل قامەت چىقىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئۇ يېقىن دوستى، قېرىندىشى چىن تۆمۈرنىڭ سىڭلىسىغا ئاشىق ئىدى. ئەقلىگە كەلگەندىن تارتىپلا، ياق، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ بىللە ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ئاشىق ئىدى. چوڭ بولغاندا كىمنى ئالىسەن، دەپ سوراشسا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرماي: «مەختۇمسۇلانى!» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىراق ئۇ چاغلاردا كۆڭۈل كىرسىز، ساپ ئىدى. ئۇلار قول تۇتۇشۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغا قارىشىپ بىللە ئوينايتتى، بىر كۈنمۇ ئايرىلمايتتى. ئەمما چوڭ بولغاندىن كېيىن بىللە بولالمايدىغان، ھەپتە ـ ئايلاپ بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. كەنجىتاي مەختۇمسۇلانى كېچە ـ كۈندۈز سېغىناتتى، كېچىلىرى ئۇنى ئويلاپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئۇ چىن تۆمۈرنى ئىزدەپ بارغان چاغلىرىدا مەختۇمسۇلانى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر خىل باھانىلارنى ئويلاپ تاپاتتى. يانىشىدا قەستەن بىرەر نەرسىنى تاشلاپ قويۇپ، يېرىم يولدىن ئارقىسىغا يېنىپ قايتىپ كېلەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسى كۆپىنچە ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولاتتى. ئۇ ھويلىدا، ئىشىك تۈۋىدە مەختۇمسۇلانى كۆرۈۋالايتتى. ئۇ ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىغا جان دەپ قارىشىپ بېرەتتى. ئەتىيازدا مەختۇمسۇلا ئۈچۈن باغقا رەڭگارەڭ گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى. خىلمۇ خىل چىرايلىق قۇشلارنى تۇتۇپ قەپەزگە سېلىپ ئەكىلىپ بېرەتتى، مەختۇمسۇلا قۇشلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولاتتى، ئەمما ئۇ ئۇزاپ كېتىشى بىلەنلا قۇشلارنى قويۇۋېتەتتى. ئۇ دائىم: بىچارە قۇشلارنىڭ ئىسسىق ئۇۋىسىدىن، جۈپتى ياكى باللىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى، قەپەزنىڭ چىۋىقىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ سايراشلىرىنى كۆرسەم چىدىيالماي قالىمەن، دەيتتى.

ئۇ مەختۇمسۇلانىڭمۇ ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقىنى تۇياتتى. ئەمما نېمىشكىدۇر بۇ ئىشنى دوستى ياكى ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولسا، توختاپ

تۆرۈڭلار، تېخى ۋاقتى ئەمەس، دەيتتى. ئۇنىڭچە بولسا، ئاۋۋال چىن تۆمۈر ئۆيلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ، دوستىنىڭ يوغان قورۇدا يالغۇز قېلىشىنى خالىمايتتى، ئەمما نېمىشقىدۇر چىن تۆمۈر ئۆيلىنىش ئىشىنى زادىلا ئېغىزغا ئالمايتتى. كۈنلەر بولسا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ نەزەرىدە قارىسا كۆز يېتىدىغان، ئەمما قول يەتمەيدىغان ئايغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇلار كېتىۋاتقان ئېدىرلىقنىڭ ئاخىرىسى چەكسىز ھەم مۇنبەت بىنەم يەرلەرگە تۇتىشاتتى. ئالدى تەرەپتىن باش يازنىڭ غۇر - غۇر شامىلى ئۇرۇشقا باشلىدى. كەنجىتاي قامچا دەستىسى بىلەن دوپپىسىنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تونىنىڭ ئالدىنى بوشاتتى، كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ، بىر تىنىغاندىن كېيىن مۇڭلۇق ھەم لەرزان بىر ئاھاڭغا ئىسقىرتىشقا باشلىدى. يۈرەكنىڭ قات - قېتىدىن چىقىدىغان، مۇشۇ تاغ يوللىرىنىڭ، مۇشۇ كۆز يەتكۈسىز مۇنبەت زېمىننىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئاھاڭلار، بۇ ناخشىلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخنىڭ يالدامىسى ئىدى. ئاتا - بوۋىلار ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، خۇشاللىق ۋە قايغۇسىنى مۇشۇ قەدىمكى ناخشىلار ئارقىلىق ئەۋلادلارغا يەتكۈزگەنىدى. شۇڭا بۇ ناخشىلار ئۆلمەيتتى، بۇ يۇرتنىڭ بالىلىرى تىلى چىقىشى بىلەن تەڭ ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنەتتى. بۇ يۇرتتا ناخشىچىلار قەدىرلىنەتتى، ئەتىۋارلىناتتى. كەنجىتاي يۇرتنىڭ باتۇرلۇقتىمۇ، ناخشا - سازدىمۇ بار ئەتىۋارلىق يىگىتى ئىدى.

يىراقتىكى تۆپىلىكنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىسنى دەسلەپتە چىن تۆمۈر بايقىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى. كېيىن ئاتلىرىنى ئىس چىقىۋاتقان تەرەپكە تەڭلا چاپتۇردى. تۆت - بەش چاقىرىم كەلگەندەك تۈزلەڭ سايىنى چاقماق تېزلىكىدە بېسىپ ئۆتۈپ، ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالدى تەرەپكە نەزەر سالدى. بۇ چاغدا چوغدەك لاۋۇلداپ يېنىپ دۆڭلەرنىڭ ئارقىسىغا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش ئاسماننىڭ يېرىمىنى قىپقىزىل بويىغانىدى. ئاشۇ ھەيۋەتلىك قىزىللىقتا چۆمۈلگەن تۆپىلىكمۇ، تۆپىلىك ئۈستىدە ئالدى تەرەپكە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئىككى چەۋەندازمۇ چوغ بولۇپ يېنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار يېقىنلا يەردە كېسەك تاملىرى ئۆرۈلگەن، كۆيۈپ بولمىغان ياغاچلىرىدىن تېخى ئىس چىقىپ تۇرغان بىر ۋەيرانە ئۆينى كۆردى. ئۆي ئالدىدا بىر قېرى خوتۇن يىغلاپ ئولتۇراتتى. يىگىتلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى، ھال - ئەھۋالىنى سورىدى. موماي ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تىكەندەك يالغۇز، ئاجىز تۇل خوتۇن ئىكەنلىكىنى، بىردىنبىر ئوغلىنىڭ ئاق ئاتلىق باتۇرنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئەتىگەندە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ قالماقنىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ زار - زار يىغلىدى. ئانىسىز چوڭ بولغان چىن تۆمۈرنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ئىدى، ئۇ ئەزەلدىن تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ يىغا - زارىسىغا چىدىمايتتى، يەنە كېلىپ بۇ موماي ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن يىگىتلىرىدىن بىرىنىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ، مومايغا چىن كۆڭلىدىن ئىچ ئاغرىتىپ:

– ئوبدان موما، مەن سىزنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەي، يالغۇز سىڭلىمغا ھەمراھ بولۇڭ، ئىككىمىزگە ئانا بولۇڭ. ئىككىمىز ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىڭىز ئورنىدا سىزنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرەيلى، – دېدى.

مومايىنىڭ كۆز يېشى مىڭ بىر يېرىدىن تۆكۈلدى، گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلدى:

– پالۋىنىم، سەندەك باھادىر يىگىتنىڭ ئانىسى بولۇشقا لايىق ئەمەستۇرمەن. خىزمەتكارىڭ قۇلۇڭ بولاي، سىڭلىڭ ئىككىڭلار ئۈچۈن بېشىم بىلەن مېڭىپ خىزمەت قىلاي، كېچە - كۈندۈز نامىزىمدا سىلەرگە دۇئا قىلاي. . .

چىن تۆمۈر باتۇر مومايىنى ئاتقا مىنگەشتۈرمەكچى بولۇۋېدى، ئات چاپچىپ ئۆزگە يېقىن يولاتمىدى، ئامالسىز ئۇنى كەنجىتاي ئېتىغا مىنگەشتۈردى. بۇ ھالدا قانداقتۇ بىر كېلىشمەسلىكنى تۇيغاندەك، ئىككىسىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئەمما موماي يول بويى كارامەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا ئۆزىدىن

باشقا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى.

ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگرۈپ چىققان كاپ - كاپ كۈچۈك مومايغا قاراپ توختىماي قاۋاشقا باشلىدى. چىن تۆمۈر بىلەن كەنجىتاي مومايىنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋاتقاندا، كۆزلىرىدىن بۆرىنىڭ كۆزىدەك ئوت چاقنىتىپ، قورقۇنچلۇق خىرىلدىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى، ھەتتا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كايىش، جىملەشلىرىگىمۇ قارىماي، بىچارە مومايىنى تالاپ جېنىنى ئالغىلى تاس قالدى. پەقەت چىن تۆمۈر باتۇر قارنىغا بىر نەچچىنى تەپكەندىن كېيىنلا، ئازار يېگەندەك بىر چەتكە ئۆتۈپ، زوڭ ئولتۇرغىنىچە ئۇزۇن - ئۇزۇن قاۋىدى، يەنىلا كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ توختىماي ئىڭشىدى. «ھايۋان بەربىر ھايۋانلىقىنى قىلىدىكەن - دە!» دېدى چىن تۆمۈر باتۇر ئىتنىڭ ئەلپازىدىن ھەيران بولۇپ.

چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، خۇش خۇي، شىرىن سۆز، خۇداگۇي بۇ موماي ھەپتە ئۆتمەيلا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قانداق غىزاغا ئامراقلىقى، قانداق ۋاقىتتا يېتىپ، قانداق ۋاقىتتا تۇرۇدىغانلىقى، مىسران قىلىچىنى نەگە قويۇدىغانلىقى، مەختۇمسۇلانىڭ قايسى كىيىمى بىلەن خۇشى يوقلۇقى، قانداق پاراڭلارغا ئامراقلىقى، ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ كىملەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىدىغانلىقىغىچە بىلىپ بولدى. ئۇ، ئۇلار ئامراق غىزالارنى تاللاپ ئېتىپ بېرەتتى. ئۇلار خۇش بولىدىغان ئىشلارنى تاللاپ قىلاتتى. ئۆيلەرنى چىنىدەك يۇغۇشتۇراتتى. ئىشىك ئالدىلىرىنى سۈپۈرۈپ سۇ چاچاتتى. ئاخشاملىرى چاق ئېگىرگەچ يەتتە ئىقلىمنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى، قەدىمكى پالۋانلارنىڭ جەڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ئاغزىنى ئاچىدىغان بولسا، سۆزلەر ئۈنچە - مەرۋايىتتەك تۆكۈلەتتى، ھەر قانداق ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىپ قاتۇرۇپ قوياتتى، نەچچە كۈلدۈرۈپ، نەچچە يىغلىتاتتى. ئاكا - سىڭىل ئىككىسى بۇ مومايىنى پەرىشتىدەك كۆرۈپ ئىززەتلەيدىغان، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىدىغان بولدى. ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ تەتۈرسىچە، ئېغىلدىكى ئارغىماق بىلەن كاپ - كاپ كۈچۈكنىڭ مىجەزى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. ئات توختىماي يەرنى تېپىپ پۈشقۇراتتى، كىشنەيتتى، يۇلقۇناتتى، بىر نەرسە يېمەي تورۇۋالاتتى. ئۇنىڭ ئادەمنىڭكىدەك ئەقىللىك كۆزلىرىدىن ھەسرەت تۆكۈلەتتى. كۈچۈك توختىماي قاۋايتتى، باغلاق زەنجىرىنى ئۈزمەكچى بولۇپ ئۆزىنى ھەر يان ئۇراتتى. ئۇنىڭ سۈرلۈك ھۇۋلاشلىرى كېچىلىرى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى.

بىر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، موماي مەختۇمسۇلانىڭ چاچلىرىنى تاراۋېتىپ:

- ئاھ، قىزىم، خۇدايىم ساڭا ھۆسن - جامالنى شۇ قەدەر ئاتا قىپتۇكى، نى - نى شاھزادىلەرنىڭ ئىشق - پىراقىڭدا ساراڭ بولمىقى ھەق ئىكەن. سەن بۇ نامرات كەپىگە ئەمەس، خان سارىيىغا لايىقكەنسەن، - دېدى.

- نېمە دېدىڭىز موما؟ قانداق شاھزادىلەركەن ئۇ؟ - مەختۇمسۇلا ئەجەبلەندى.

- ھەي ئەخمەق گۈزىلىم، سەن مۇشۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدىن چىقماي نېمىنى بىلەتتىڭ، بىراق سېنىڭ ھۆسن - جامالىڭ گويا پارلاپ تۇرغان قۇياش. قۇياشنى توسۇۋالغىلى بولمىغاندەك، سېنىڭ گۈزەللىكىڭنىمۇ توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. سېنىڭ ھۆسن - جامالىڭنىڭ تەرىپى يىراق - يىراقلارغا تارالغان. ئاجايىپ ئېسىل يىگىتلەر، نى - نى بەگزادە، شاھزادىلەر سېنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. بىراق ئۇلار پالۋان ئاكاڭدىن قورقىدۇ.

مەختۇمسۇلا ئاكىسىدىن پەخىرلىنىپ كۈلدى. ئەتىسى ئىككىسى يالغۇز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا موماي يەنە:

- ھەي بىچارە قىزىم، سېنى كۆرۈپ ھالىڭغا ئېچىندىم. مۇشۇ گۈزەل ھۆسنۈڭ بىلەن ياشلىق باھارىڭ تۆت تامنىڭ ئىچىدە زايا بولۇپ كېتىۋېتىپتۇ. سەن بىلەمسەن، ھۆسن ۋە ياشلىق چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ ھېچكىمگە رەھىم قىلمايدۇ. شۇڭا، پەيتىنى تۇتۇپ ياشلىقنىڭ مېغىزىنى چېقىش ھەر كىمگە راۋادۇر. ئاكاڭ بىلەن قاچانغىچە بىللە ئۆتەلەيسەن؟ بىر كۈنلەردە خوتۇندىن بىرنى ئالسا، بۇ ماكان ساڭا تار كەلمەسمۇ؟ كۆڭلۈڭگە پۈككەن يىگىتىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن، مەن مۇرادىڭلارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا

www.uyghurkitap.com

ياردەم قىلىمەن، ــ دېدى.

ئەزەلدىن مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان مەختۇمسۇلا غەزەپ ۋە نومۇستىن لاغ - لاغ تىترەپ كەتتى، كايىماقچى بولدى. ئەمما پەرىشتە سۆپەت بۇ مومايغا ئېغىز ئاچالمىدى. مومايىنىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن يەنە يۇمشاپ، قەلبىدىكى پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان سىرلىرىنى مومايغا ئاشكارىلىدى.

ــ پاھ، كۆزۈڭ بارىكەن قىزىم، كەنجىتاي تېپىلغۇسىز ئېسىل يىگىت ئىكەن. بىراق كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ ئېيتىپ قوياي، قايسى كۈنى يولدا كېلىۋېتىپ، ئاكاڭ بىلەن بىر قىزنىڭ گېپىنى قىلىشىپ قالدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ماقۇلغا كەلگەنمىش. ئەمدى پەقەت قۇتلۇق بىر كۈننى بەلگىلەپ توي قىلىشلا قالغانمىش. . .

مەختۇمسۇلا يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇلغاندەك ئىڭرىدى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كېيىنگە قىڭغىيىپ قالدى. ھودۇقۇپ قالغان موماي پايپاسلاپ چىقىپ بىر قاچا سوغۇق سۇ ئەكىرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سەپتى، ئايەت ئوقۇپ ھۈردى.

شۇنىڭدىن تارتىپ مەختۇمسۇلا زادىلا ئېچىلماس بولدى. چىرايى سامانەك سارغايدى. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ ھالىدىن پەرىشان بولدى. مومايىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تېۋىپ - داخانلارنى چاقىرىپمۇ كەلدى، ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى.

كەنجىتاي مەختۇمسۇلانى كۆرمىگىلى بىر ئاي بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يورۇق كۈنلەر زۇلمەتكە، كېچىلەر دوزاخقا ئايلاندى. ئۇ ئەمدى ئۇلارنىڭكىگە بارسا، مەختۇمسۇلا ئىشىكنى ئاچقىلى يۈگۈرۈپ چىقمايدۇ. جادۇ كۆزلىرىدىن نەچچە خىل نۇر چاقنىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلمەيدۇ. خۇددى يۈزىنى قارا بۇلۇتلار توسىۋالغان ئۇلۇك ئايدەك، جامالىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ كەنجىتايدىن رەنجىپ قالغانمىدۇ ياكى ئاغرىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇ بىر قېتىم مەختۇمسۇلانى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىق، پۈتكۈل قىياپىتىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان دەرد - ئەلەم كەنجىتاينىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ چىن تۆمۈر باتۇردىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى مومايدىنمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالمىدى. ئۇقويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، قولى ئىشقا بارمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى، كۆزى سەل ئىلىنسىلا قارا بېسىپ، جۆيلۈپ كېتەتتى. چۈشلىرىنىڭ تولىسى مەختۇمسۇلاغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان چېغىدا پۈتۈن بەدىنى چىپ - چىپ تەرلەپ، ئازابتىن يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىيتتى. كۆڭلىگە چۈشىنىكسىز ئەندىشە، ۋەھىمە چۈشۈپ، مەختۇمسۇلادىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىسى، ھال - ئەھۋالىنى بىلگۈسى كېلەتتى، ئەمما يېقىندىن بۇيان ئۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئارىلىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس يارنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا دىلىغۇل بولۇپ توختاپ قالاتتى. كېچىلىرى ئۇخلىيالماي چىن تۆمۈر باتۇر، مەختۇمسۇلا ئۈچى بىللە ئويناپ يۈرگەن شاد - خۇرام كۈنلەرنى ئەسلەيتتى، ئۆزى يالغۇز چىنارلىق ھويلىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىناتتى، ئۇنىڭ مەڭزىدىن سۆيگەن، ئۇنىڭ ھىدىنى ئالغان غۇر - غۇر شامالغا باغرىنى تۇتۇپ: ئەي شامالار، مەندىن مەختۇمسۇلاغا سالام دەڭلار، مېنىڭ مۇھەببىتىمنى، ساداقىتىمنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىڭلار، ئۇ ماڭا مۇنداق باغرى تاشلىق قىلمىسۇن، دەپ پىچىرلايتتى.

يەر - جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان بىر كېچىسى ئۇ چىنارلىق ھويلىنىڭ ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلغىنىنى، ئۇزۇن قارا رومالغا پۈركەنگەن بىر گەۋدىنىڭ ئىشىكتىن غىپپىدە چىقىپ توقايلىققا بارىدىغان چىغىر يول تەرەپكە كەتكىنىنى كۆردى.

«مەختۇمسۇلا!» دەھشەتلىك بىر گۇمان ئۇنىڭ نەپسىنى بوغدى. ئۇ غەزەپ، ئۈمىدسىزلىك، ۋەھىمىدىن تىترىگىنىچە كۆلەڭگىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. كۆلەڭگە نېمىدىندۇر قورقۇۋاتقاندەك پات - پات توختاپ ئالدى - كەينىگە قارايتتى، كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن يەنە تېمىسقىلاپ مېڭىشقا باشلايتتى. خۇددى قاراڭغۇلۇققا سىڭىشىپ يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك ھېچقانداق شەپە چىقارمايتتى. دەرياغا

يېقىنلا بىر يەردە ھېلىقى كۆلەڭگە تۇيۇقسىز توختاپ ئارقىسىغا بىر قاردى ـ دە، شارت قىلىپلا سول قاتتىكى دەرەخلىككە كىرىپ كەتتى. مۇشۇكتەك چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كەنجىتاي ئۇنىڭ ئېرىق ـ ئازگاللاردىن چاققانلىق بىلەن ئاتلاپ، دەرەخ شاخلىرىنى قايرىۋېتىپ ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتقىنىنى، بىر توپ دوڭغاق سۆگەتنىڭ يېنىدا توختاپ ئۆزىنى گۈگشىۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپقا قاراپ ئاستا ئۈچ قېتىم چاۋاك چالغىنىنى كۆردى. سىياھتەك قاراڭغۇلۇقنىڭ قايسىدۇر بىر تەرىپىدىن جاۋابەن ئورۇلغان چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى، قۇرۇق شاخلارنىڭ غىرسىلىغان ئاۋازى، شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، يوچۇن بىرئەر ئايالغا يېقىنلاشتى. ئۇلار دوڭغاق سۆگەت ئۈستىدە يانمۇ يان ئولتۇرۇپ پىچىرلىشىپ سۆزلىشىشكە باشلىدى. كەنجىتاي كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيتتى. چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن دەپ مەڭزىنى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمداپ باقاتتى. ياق، بۇ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس، رەھىمسىز ھەقىقەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. دېمەك، مەختۇمسۇلا شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كىمدۇر بىرى بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ يۈرۈپتۇ. كەنجىتاينى بولسا ساختا نازۇ كەرەشمىلىرى، شېرىن ـ شېكەر گەپلىرى بىلەن ئالداپ كەپتۇ. ئەگەر شۇ تاپتا كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرمىغان بولسا، مۇنداق ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشىغا كاللىسىنى ئېلىۋەتسىمۇ ئىشەنمەس ئىدى. ئەمما. . ئۇ غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن تىترەشكە باشلىدى. ئادەتتە جەڭ مەيدانىدا ـ دۈشمەنگە ئېتىلىش ئالدىدا ئۇنى مۇشۇنداق سۈس تىترەك باساتتى. ئۇ دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىراپ دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، قىلىچىنى ئوينىتىشقا باشلىغاندىلا بۇ تىترەك بېسىلاتتى. ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا، شۇ تاپتا ئېتىلىپ بېرىپ ئاۋۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرسە، ئارقىدىن ئۆزىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشسا . . . بىراق مەختۇمسۇلا ئادەتتىكى قىز ئەمەس، ئۇ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تەمكىن قىز. ئۇ چوقۇم ئۆزىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يىگىتتىن بىرنى تاپالايدۇ. بۇنداق قىلىشقا باشقا قىزلارنىڭ ھەققى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققى بار. كەنجىتاي چىن تۆمۈر باتۇرغا ئوخشاشلا ئۆزىنى جەڭگە ئاتىۋەتكەن، ئۇنىڭ پۇلى، مال ـ دۇنياسى يوق. ئۇ مەختۇمسۇلانى ئۆزىگە باغلاپ بەختسىز قىلىپ قويۇشنى خالىمايدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇققا قىلچە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى قوغداشقا، خىزمىتىدە بولۇشقا رازى. . .

«ئاشىق ـ مەشۇق»لار ئورنىدىن تۇردى. بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پەس ئاۋازدا يەنە بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. ئارقىدىن ئايال كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا ياندى. «يىگىت» بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ، كەينىگە قاراپ ئايالغا خېلى ئۈنلۈك قىلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. كەنجىتاي پەقەت ئۇنىڭ: «ئەتە كەچتە . . . چوقۇم. . .» دېگەن سۆزلىرىنىلا پەرق ئېتەلىدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ «يىگىت»نىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇدۇل دەريا بويىغا چۈشۈپ كەتكىنىنى، ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان بىر قولۋاققا ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى، كۆڭلىگە ھەر خىل گۇمانلار كەلدى. . .

كەنجىتاي بۈگۈنمۇ تۈنۈگۈنكى ئورنىدا ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۈزىتىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپىدىكى بولۇشقا ئۆسۈپ، شاخلاپ كەتكەن پاكار ئالما شاخلىرى ئۇنى دالدىغا ئېلىپ تۇراتتى. ئىككى كۈندىن بۇيان قېنىپ بىر ئۇخلىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق ئىدى. بەلكى ئۇ كۆزلەر بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىرايتتى. ئاي كۆتۈرۈلدى، ئۇ خۇددى قىياقتەك نېپىز، نازۇك ئىدى. ئۇنىڭ يورۇقىدا تۈنۈگۈن «ئاشىق ـ مەشۇق»لار ئولتۇرغان دوڭغاق سۆگەت ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئەتراپ جىمجىت. پەقەتلا قۇشلارنىڭ چۈشەكىگەندەك ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سايراشلىرى ياكى ئۈركۈپ قانات قېقىشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئەتراپىدا قۇرت ـ قوڭغۇزلار تىنماي ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتى، پاقىلار ئارقا پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا سەكرىشەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تىترەپ تۇرغان ئايغا يەنە بىر قېتىم قارىغىنىدا قەلبىنى سېغىنىش ۋە ھەسرەت ئوتى چۇلغىۋالدى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن گۈلخان تۈۋىدە تۈنىگەن كېچىلەردە، ئۇزاق سەپەرلەردە، ھەتتا دۈشمەن ئۈستىگە ئاتلىنىش ئالدىدا ئاشۇ ئايغا تەلمۈرەتتى. ئۇنىڭدىن مەختۇمسۇلانىڭ ئەگمە قاشلىرىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى كۈچ ـ

قۇۋۋەتكە تولاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن. . . مەختۇمسۇلا باشقا بىرسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. ھەتتا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەجىبا، ئۇ بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ ئۇ مەختۇمسۇلانى ئەمدى راستتىنلا قايتا قولغا كەلتۈرەلمەسمۇ؟

ئۇ ئازابتىن يارىلانغان يىرتقۇچتەك ئېڭراپ، بېشىنى ئالقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى. شۇ ھالەتتە قەلبىدىكى ھەسرەتلىرىگە بويۇن ئېگىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قولىنى قۇلىقىنىڭ كەينىگە تۇتۇپ، ئەتراپنى تىڭشىدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى، ياق، قۇلاقلىرى ئەمەس، نامەلۇم بىر سەزگۈسى غەيرىي بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئورمانلارنىڭ بوغۇق شاۋقۇنىغا، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشايدىغان بۇ ئاۋاز گويا يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك، بىر تۇرۇپ يەر - جاھاننى قاپلىسا، بىر تۇرۇپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كەنجىتاي چاتقاللارنى ئارىلاپ تېزلىكتە دەريا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، قىرغاقتا چۈشۈپ ئەپلىك بىر يەرنى تاللاپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى، ئەمما بۇ جىمجىتلىق ئىچىگە بىر ئەنسىزلىك يوشۇرۇنغانىدى، دەريا سۈيىنىڭ شارقىرىشى، دەريا بويىدىكى ھەر بىر توپ دەرەخ، ھەر بىر كۆلەڭگە شۇ قەدەر سىرلىق كۆرۈنەتتى. كەنجىتاي نېرىقى قىرغاقتا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قاراۋېتىپ، چۆچۈپ كەتكىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

نېرىقى قىرغاقتا بىر تۇتاش قاپقارا كۆرۈنگىنى تامامەن دەرەخ ئەمەس ئىدى، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، ئادەملەر يوغان - يوغان كېمىلەرنى سۇغا سۆرەپ چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئۇ موگۇللارنىڭ كېمىسى ئىدى. قالماقلار بۇ كېچىدە دەريادىن ئۆتۈپ نېمە قىلماقچىدۇ؟! ئۇلارنىڭ چىن تۆمۈر باتۇرنى ئۆتقىلى كەلگەنلىكى ئېنىق. ئۇنىڭ ئىشىنى قالماقلارغا مەلۇم قىلغان، بۇ زۇلمەت كېچىدە ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن لەنىتى خائىن كىمدۇ زادى؟!

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كەنجىتاينىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن چىرايلار لىپ قىلىپ ئۆتتى. بىراق ئۇ ئالدىرىغىنىدىن ھەم ھودۇققىنىدىن ئىلگىرى - كېيىنكى ئىشلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ ئويلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ يول تاللاپ ئولتۇرماي تۆپىلىك، ئويمانلارنى، ئازغانلىق چاتقاللىقلارنى ئۇچقاندەك بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۇدۇل چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ بېغىنىڭ تېمىغا ياماشتى.

كاپ - كاپ كۆچۈك ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقمىدى، ئۇ ھەيران بولدى. قورۇ ئادەتتىن تاشقىرى تىنچ ئىدى، پەقەت چىن تۆمۈر باتۇر ياتىدىغان ھۇجرىنىڭ تۈڭلۈكىدىن سۇس چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن مارىدى. چىن تۆمۈر باتۇر ئېگىز ھەم كەڭ كات ئۈستىدە ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى قاتمۇ قات ئارغامچىلار بىلەن چەمبەرچەس باغلىۋېتىلگەنىدى، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئۇزۇن رومال ئارتقان موماي كۆزلىرىنى يۇمۇپ مىسران قىلىچنى ئېتىكىگە ئېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، قولىدىكى ئۇزۇن تەسۋىسىنى سىرىغاچ، قورۇق بېسىپ ماكچايغان ئېغىزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىتاتتى. ئادەتتە مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىدا كۆرەڭلىك، مىيىغىدا زەھەرلىك كۈلكە قېتىپ قالغانىدى.

كەنجىتاي ئىشىكنى تېپىپلا ئاچتى - دە، ئۇنى كۆرۈپ قېچىشقا تەمشەلگەن موماينىڭ گەجگىسىدىن قاماللىدى. قىلىچنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ:

- چىن تۆمۈرنى نېمە قىلدىڭ؟ ئېيتە جەددال، ئېيتمىساڭ ھازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن! - دەپ ۋارقىرىدى.

موماي دەسلەپتە زورۇقۇپ كۈلۈپ، كەنجىتاينى ئالدىماقچى بولدى، كېيىن ئۆزىنى كەنجىتاينىڭ ئايىغى ئاستىغا ئېتىپ، ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازدا يىغلاشقا، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

- مەن بىر ئاجىز تۇل خوتۇن ئىكەنمەن، قانداق قىلاي، لەنىتى قالماقلار مېنى مەجبۇرلىدى، ئۇردى، قىينىدى، ئۆيۈمگە ئوت قويۇپ، كۈلۈمنى توزۇتتى. . .

- ئېيتە، چىن تۆمۈرنى نېمە قىلدىڭ؟

— دورا بىھوش بەردىم، ھازىرلا ھوشىغا كېلىدۇ. قالماق شاھزادىسىمۇ ھازىر يېتىپ كېلىدۇ، گۈزەل مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ بولىدۇ. . .

— نېمە؟! ھە. . . ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن — دە، بۇ شۇم گويۇننى ئوينىۋاتقان! مانا ئەمسە، مۇناپىقلىقىڭغا توي، ئارمىنىڭغا يەت، ماڭە، بۇۋۇيىڭنىڭ قېشىغا بار!

كەنجىتاي قىلىچىنى غەزەپ بىلەن شىلتىدى. موماينىڭ بېشى بىر بۇلۇڭغا دومىلاپ كەتتى، ئۇنىڭ بىر تۇتام چېچى خۇددى كونا مازدەك بېشىغا چاپلىشىپ تۇراتتى.

— ئاھ، كەنجىتاي . . . !

بايىدىن بېرى ھەممىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرغان مەختۇمسۇلا ئۆزىنى يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئۇزاقتىن بۇيان بىر — بىرىگە تەشنا بولغان، بىر — بىرىنىڭ دەردىدە يەتكۈچە ئازاب تارتقان، پۇچىلانغان ئىككى ۋۇجۇت ئۆزلىرىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇپ بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتتى. خۇددى باياۋاندا ئاچلىق، تەشنالىقتىن ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغاندا شىرىن — شەربەت بۇلاق سۈيىگە ئېرىشكەندەك جانلىنىپ، قىن — قىنىغا سىغماي قېلىشتى. ئەمدى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن باشقا ھېچنەرسە ئايرىۋېتەلمەيتتى.

بىراق بۇ شىرىن دەملەر بەك قىسقا بولدى. مۇدھىش دۈشمەن ئۇلارنى قورشاپ كەلمەكتە ئىدى.

* * *

ئۇلار ئۆگزىنىڭ تۆت ئەتراپىغا تاش دۆۋىلەپ پاناھ ياساپ، قوراللارنى جاي — جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تەييار بولدى. ئاتلىقچە موڭغۇللارمۇ كەلكۈندەك دەۋرەپ كېلىپ ئۆيىنى 200 چامدامچە نېرىدىن مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي موڭغۇللارنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى توپىدىن 5 — 6 ئادەم ئاجراپ چىقىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىك تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇلار دەل يېرىم يولغا كەلگەندە چىن تۆمۈر بىلەن كەنجىتاي ئۇلارنى بىر — بىرلەپ يەر چىشلەتتى.

دۈشمەن توپى ئەھۋالنى چۈشىنىپ بىر پەس جىمىپ قالدى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى مەسلىھەتنى باشقىدىن پىشۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

دۈشمەن ئەمدى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۈچى ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەننى توستى. ئۆگزىگە دۈشمەننىڭ يا ئوقلىرى قار ئۇچقۇنلىرىدەك چۈشەتتى، ئۇلار ئۇ ئوقلارنى تېرىۋېلىپ يەنە دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتاتتى.

كەنجىتاي سۇمبۇل چاچلىرىنى تۇماقنىڭ ئىچىگە تىقىپ، بېلىنى باغلاپ يىگىتلەردەك چەبدەسلىك بىلەن ئوق ئۈزۈۋاتقان مەختۇمسۇلاغا سۆيۈنۈش ۋە ئەندىشە ئىچىدە قارايتتى. ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ كېتەرمىكىن دەپ يۈرىكى سۇ بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن قىزى ئۈچۈن زور يانغىنغا ئاتلىنىپ، ياۋ ئەسكەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىشنى، قەھرىلىك ئوق بولۇپ، ھەر بىر ياۋ ئەسكىرىنىڭ يۈرىكىگە قادىلىشنى، بارلىقى، قىممەتلىك ياش ھاياتى بەدىلىگە ئۇنى ھىمايە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۈچ پالۋان ئۈچ تەرەپتىن زەربە بېرىپ دۈشمەننى يۈرەكلىك ھۇجۇمغا ئۆتەلمەس قىلىپ قويىدى. بىراق تاڭ ئاتقاندا ئۇلار ئۆگزىدە ھېچقانچە ئادەم يوقلىقىنى بەربىر بىلىۋالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگزىدىكى ئوق ۋە تاشلارمۇ ھېچقانچە ۋاقىتقا يەتمەيتتى. شۇڭا پەيتنى چىڭ تۇتۇپمۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى. چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى بىلەن كەنجىتايىنى تاڭ قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۈندىدى، ئۇلارغا ۋارقىرىدى، كايىدى، ئەمما ئۇلار ئۇنىمىدى. كەنجىتايمۇ ئاكا — سىڭىل ئىككىڭلار بىللە چىقىپ كېتىڭلار، مەن سىلەرنى ھىمايە قىلىمەن، دېدى، ھېچقايسىسى بىر — بىرىگە گەپ ئۆتكۈزەلمەي يىغلىغۇدەك بولۇشتى. ئاخىرى ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز، ھايات قالساق بىللە ياشايمىز، دېگەن قارارغا كېلىشتى.

شەرق ئاستا — ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئاجايىپ ئۇزۇن كېچە بولدى. قىسقىغىنە مۇشۇ بىر كېچىگە مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم، جۇدالىق ۋە ۋىسال، رەزىللىك ۋە مەرد — مەردانىلىقنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشلىرى يېغىنچاقلانغانىدى.

دۈشمەن ھۇجۇمنى كۈچەيتتى. ئۈچەيلەن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئىچىدە پەم - پاراسەت ۋە چەبدەسلىك بىلەن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ تۇردى. ئەمما ھەر نېمە قىلغان بىلەن ئۇلار ئۈچلا ئادەم، ئەتراپنى قورشاپ كېلىۋاتقىنى ھەددى - ھېسابسىز دۈشمەن ئىدى. ئۇلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىشتى. كەنجىتاي قولىغا قىلىچنى ئېلىپ، چوڭ ئىشىكنى بۇزۇپ ھويلىغا بۆسۈپ كىرمەكچى بولغان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇماقچى بولدى، بىراق ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىغا بارغۇچە بىر توپ دۈشمەن ھويلىغا بېسىپ كىردى. ئىشىكنىڭ تۆۋىدە بىر پەس قىر - چاپ بولدى. كەنجىتاي بىرمۇنچە دۈشمەننى جېنىدىن جۇدا قىلدى، بىراق ئۇ تېخىمۇ كۆپ دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئېگىز بويلۇق بىر ئەسكەر كەنجىتايغا ئارقا تەرەپتىن قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ياش ھەم كۈچلۈك ۋۇجۇد ئۆلۈمگە، جۇدالىققا رازى بولمىغاندەك قاتتىق - قاتتىق سىلكىندى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ئارزۇ - ئارمان بىلەن ئوچۇق پېتى قالدى.

مەختۇمسۇلانىڭ كۆز يېشى يامغۇردەك قۇيۇلدى، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكتىن تاشتەك قاتتىق يۈرىكى تىترىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. بىراق ئۇلارنىڭ قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى، ھەر ئىككىلىسى ئۆلۈمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويغان، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە قوللىرىدىكى قىلىچ بىلەن ئۆلۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. لېكىن ئاڭغىچە ئۇلار تېخى خېلى كۆپ دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ، بىر كەنجىتاي ئۈچۈن ئونلاپ دۈشمەننىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

شۇ پەيتتە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. پۈتۈن بەدىنى كۈمۈشتەك ئاپئاق، بويىنى ئۇزۇن، پۇتلىرى ئىنچىكە، خۇددى خىياللاردىكىدەك كېلىشكەن بىر ئات ئۇدۇل كەلگەنلىكى دۈشمەننى تېپىپ، چەيلەپ، ياڭراق ئاۋازدا كىشنەپ جەڭ مەيدانىنى زىلزىلىگە سالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئاتنىڭ سۈر - ھەيۋىتىگە، گۈزەللىكىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ، قېتىپ قېلىشتى، يەنە بەزىلىرى ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى. پۈتۈن سەپ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدى. ھوشىنى بالدۇرراق يىغىۋالغانلىرى ئاتقا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشتى. ئات يامغۇردەك ئوق ئىچىدە ئۇزۇن، ئىنچىكە بولۇپ سوزۇلۇپ، ئاپئاق يايلىلىرىنى لەپىلدىتىپ چاپقىنىچە بىر پەستىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

دۈشمەن ئۆزىنى رۇسلاپ يەنىمۇ قىستاپ كەلدى. چىن تۆمۈر باتۇر ئۆگزىگە دۆۋىلەنگەن يوغان - يوغان تاشلارنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ دۈشمەن توپىغا ئېتىشقا باشلىدى، ھەر بىر تاش چۈشكەندە ئۈچ - تۆت دۈشمەن يىقىلاتتى، يۈز - كۆزى قانغا مىلىنىپ، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلەتتى، قالغانلىرى پېتىراپ قاچاتتى. مەختۇمسۇلا ئاخىرقى بىر تال ئوقى بىلەن كەنجىتاينى چېپىپ تاشلىغان ئېگىز بوي، قىزىل يۈزلۈك دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئوقيانى تاشلاپ ئۆگزىگە يامىشىشقا باشلىغان دۈشمەننى چېپىشقا باشلىدى. ئاكا - سىڭىل:

- كېلە قېنى، كېلىشە! - دەپ ۋارقىرىشىپ، چەبدەسلىك بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ دۈشمەنلەرنى كەينى - كەينىدىن يىقىتىۋەردى، ئۆگزىنىڭ تۆۋى جەسەت بىلەن توشتى. شۇ پەيتتە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان دادىسى ۋە ئاكىلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تېخىمۇ كۈچكە تولدى.

- سىڭلىم، دادام بىلەن ئاكىلىرىمنىڭ روھى بىزگە مەدەت بېرىۋاتىدۇ، روھىڭنى چۈشۈرمە، بىز ھەرگىز ئەسىرگە چۈشۈپ قالمايمىز! - دەپ ۋارقىرايتتى چىن تۆمۈر باتۇر.

- ياق، ئاكا، مەن روھىمنى چۈشۈرمىدىم، مەن سەن بىلەن بىللە جەڭ قىلالىغىنىمدىن خوش، - دەپ جاۋاب بېرەتتى مەختۇمسۇلا.

دۈشمەنلەر ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا قۇرۇق ئوتۇن، شاخ - شۇمبىلارنى دۆۋىلەپ ئوت قويۇۋەتتى. ئوت ھەش - پەش دېگۈچە تۇتىشىپ، ئاسمانپەلەك بولۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا مىراس ئۆي - جايى، نەقىشلىك پېشايۋانلار، ئاتخانا - يوغان - يوغان لىم ياغاچلار، ئېغىللار چاراسلاپ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانماقتا

ئىدى. ئاكا بىلەن سىڭىل قىلىچلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە يۆلىنىپ تۇردى. ئۇلار بىللە تۇغۇلغان، بىللە ئۆلۈشى كېرەك ئىدى. پەستە موڭغۇللار بىر نەرسىلەرنى دەپ توختىماي ۋارقىرىشاتتى.

ئۆگزىنگە بىر توپ دۈشمەن باستۇرۇپ چىقتى. ئوت يالقۇنى، ئىس - تۈتەك ئىچىدە قوچاقلاشما جەڭ باشلاندى. ئادەملەر بىر - بىرىنى پەرق ئېتەلمەي قارا - قويۇق پومىداقلىشىپ كەتتى، بەزىلىرى كىيىملىرىگە ئوت تۇتىشىپ، بەدەنلىرى كۆيۈشكە باشلىغاندا ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ۋارقىراپ، يۇمىلاپ كېتىشەتتى. چىن تۆمۈر باتۇر ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى، زەبەردەست بىر موڭغۇل مەختۇمسۇلانى دەس كۆتۈرگىنىچە ئوت ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كۆيۈۋاتقان ئۆيدىن ئىككى قەدەم يىراقلاشماي تۇرۇپ، ئۆي ئاراسلاپ ئۆرۈلدى. ئوت يالقۇنى ۋە ئىس - تۈتەك كۆككە ئۆرلىدى. چاڭ - توزان بېسىلغاندا ئىلگىرىكى ھەيۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا توپا - كېسەك دۆۋىسى ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدا دارىدىيىپ، قاپقارا ئىس چىقىرىپ تۇتەپ كۆيۈۋاتقان ياغاچلارلا قالغانىدى.

موڭغۇللار تېزلىكتە جەسەتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كەلگەن يوللىرى بىلەن قايتىشتى. ئۇلار كۆزدىن يۈتەر - يۈتمەي ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

ئاخشىمى مەھەللىگە بىر توپ ئاتلىق يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇلار كەنجىتايىنى دەپنە قىلىشتى، ئەمما ھەر قانچە ئاقتۇرۇپمۇ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ جەسىتىنى ھېچنەردىن تاپالمىدى. شۇ پەيتتە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئارغىمىقى پەيدا بولدى. ئۇ چۈلۈۋۈرنى ساڭگىلىتىپ ئەتراپتا بىر دەم ئايلىنىپ يۈردى. كېيىن ئۆي ئورنىدىن 5 ـ 6 قەدەم يىراقلىقتىكى ئۆستەڭنى ئوت - چۆپ قاپلاپ كەتكەن بىر ئازگالغا قاراپ تېپچەكلەپ، پۇشقۇرۇشقا باشلىدى. ئاتنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان كىشىلەر دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئازگالنى ئاقتۇرۇشتى. چىن تۆمۈر باتۇر راستىنلا شۇ يەردە ياتاتتى، ئۇ تېخى ھايات ئىدى، بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى يورۇق دۇنيانى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغانىدى.

* * *

قاتمۇ قات قارىغايلىق تاغلارنىڭ باغرىدىكى كەڭرى كەتكەن يايپېشىل تۈزلەڭلىككە موڭغۇل خانىنىڭ قارار گاھى جايلاشقانىدى. قارار گاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرىدىغان، سىرتىغا قارا قوڭۇر يوللۇق شىر تېرىسى يېپىلغان چېدىر دەل خانىنىڭ چېدىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپئاق بۆلغۈن تېرىسى بىلەن ئەستەرلەنگەن ئىچ تەرىپىنى نەقىشلىك ئۈچ تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى پەردە تارتىلغان كىچىك ئىشىكتىن شەكلى ۋە قورۇلۇشى ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق يەنە بىر چېدىرغا چىققىلى بولاتتى. ئۇ، خانىنىڭ قوبۇلخانىسى شۇنداقلا ھەر خىل زىبايەت، كېڭەشلەرنى ئۆتكۈزىدىغان زالى ئىدى. چېدىرنىڭ ئالدىدا توقماق تۇتقان ئىككى قاراۋۇل كۆزەتتە تۇراتتى. خان چېدىرىنىڭ قارشىسىغا خان چېدىرىغا ئوخشاشلا ھەشەمەتلىك، ئەمما سىرتىغا تەڭگە گۈللۈك يولۋاس تېرىسى، ئىچىگە قارا بۆلغۈن تېرىسى تۇتۇلغان يەنە بىر چېدىر - شاھزادىنىڭ چېدىرى جايلاشقانىدى. خان بىلەن شاھزادىنىڭ چېدىرىنىڭ ئارقىسىغا خانىكە ① ، بىكەچ② لەرنىڭ چېدىرلىرى قاتار - قاتار ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ چېدىرلارمۇ ھەشەمەتتە ئالدىنقى چېدىرلاردىن قېلىشمايتتى. سىرتىغا ۋە ئىچ تەرىپىگە ئېسىل مويلار تۇتۇلغان، تۈۋرۈكلىرىگە نەپىس ھەم كۆركەم نەقىشلەر ئويۇلغان، چېدىرنىڭ ئارغامچىلىرىمۇ مەشۇتتىن ئىدى.

ئاياللارنىڭ چېدىرلىرىنىڭ ئىچىمۇ ئالاھىدە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يەرگە تا ئىشىك تۈۋىگىچە قېلىن كىگىز، يىلپىز ياكى يولۋاس تېرىسى، تۆرگە كىمخاپ پەردىلەر سېلىنغانىدى. بۇلۇڭدىكى زەرلىك شايى چىمىلدىق ئىچىدىكى شاھانە كارىۋاتقا سېرىق تاۋاردىن تىكىلگەن قېلىن يوتقان - كۆرپىلەر تىزىلغانىدى.

---

① خانىنىڭ چوڭ ئايالى. ② خانىنىڭ باشقا ئاياللىرى ۋە شاھزادىنىڭ ئاياللىرى.

ئاق رومىلىنى چىگىلەپ چىگىۋالغان مەختۇمسۇلا چىمىلدىق ئىچىدىكى كارىۋاتتا كۆزلىرىنى چېدىرنىڭ تورۇسىغا تىكىكىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئۇ، بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بەل جۇدىگەن، تاتىرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى. ئەكسىچە تاتىراڭغۇلۇق ئۇنىڭغا بىر خىل لاتاپەت بەخش ئېتىپ، كۆزلىرىرىنى تېخىمۇ يوغان، كىرپىكلىرىنى تېخىمۇ ئۇزۇن، قاڭشارىنى تېخىمۇ تىك ۋە سىپتە كۆرسىتەتتى. چوڭقۇر بىر ھەسرەت، زادىلا يوقالمايدىغان، ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر خىل غەمكىنلىك ئۇنىڭ ئاشۇ قىياپىتىگە كېچە - كۈندۈز ھەمراھ ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ بىر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىدى، ئۆزلۈكىدىن ياسىنىپ، پەرداز قىلىپ باقمىدى، ھەسەن - ھۆسەندەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاراپمۇ باقمىدى.

ئۇ، ئاشۇ كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ئۆلۈمنى ئويلايدۇ. ئاشۇ كۈنى سەھەردە ئۇ ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ قەپەزگە ئوخشايدىغان موڭغۇل چېدىرىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان قارامتۇل يايپاڭ يۈزلۈك، تەمبەل كەلگەن قېرى خوتۇن ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقىنىنى كۆرۈپ، بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلاپ يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي بىر ئەر كىشىنى باشلاپ كىردى. 30 ياشلاردىن ئاشقان بۇ ئەر كىشىنىڭ تۇرقىدىن دۆلەتمەن ئادەملەرگە خاس ھاكاۋۇرلۇق، شۇنداقلا چۆل خەلقلىرىگە خاس قوپاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مەختۇمسۇلاغا بىر قۇلغا، بىر ياخشى ئاتقا ياكى بىرەر ئېسىل قىلىچقا قارىغاندەك ھەۋەس بىلەن سىنچىلاپ قارىدى، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي كۈلدى. قولىنى ئۇزىتىپ مەختۇمسۇلانىڭ كۆرپە ئۈستىگە چېچىلغان چاچلىرىنى سىلىماقچى بولدى، نەدىن كەلگەن كۈچكىن، شۇ چاغدا مەختۇمسۇلا چايان چاققاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئېتىلىپ بېرىپ يەردىكى داستىخان ئۈستىدە تۇرغان خەنجەرنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ئۇچىنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە توغرىلىدى. ئۇنىڭ چوغدەك يانغان كۆزلىرى ئاكىسى بىلەن كەنجىتايىنى ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىنىڭ كۆزىگە غەزەپلىك تىكىلگەنىدى. كۈچلۈك غەزەپ ۋە ھاياجاندىن كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى. موڭغۇل خوتۇن بىلەن ئەر كىشى ھودۇقۇپ قالدى. شۇ چاغدا سىرتتىن كىرگەن بىر قاراۋۇل ئارقا تەرەپتىن كېلىپلا ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالمىغان بولسا...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن كېچە - كۈندۈز ئادەم ئايرىلمايدىغان، ئۇنىڭ يېنىغا قايچا - پىچاقتەك نەرسىلەرنى يېقىن يولاتمايدىغان بولۇشتى. كۆپ ئۆتمەي شاھزادە كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ مەختۇمسۇلانى نىكاھىغا ئالدى. مەختۇمسۇلا ھاياتىدا تۇنجى قېتىم دۈشمىنىنى كېچە - كۈندۈز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل چىرايىدىن، دۈشمىنىگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان تېنىدىن يىرگەندى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى ئويۇۋالغۇسى، ناپاك تېنىنى قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈسى كەلدى. ئۇ پەقەت ئۆلۈمنىلا ئويلايتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ غىزامۇ يېمەي، سۇمۇ ئىچمەي يېتىۋالدى. ئۇنى ئالداپ بېقىشتى، قورقۇتۇپ بېقىشتى، يېمەكنى ئاغزىغا زورلاپ تىقىپ بېقىشتى...

بىر كۈنى ئۇ يېقىملىق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ يېنىدا ھەر كۈنكى موڭغۇل خوتۇن ئەمەس، 14 ـ 15 ياشلاردىكى چىرايلىق بىر قىز بالا تۇراتتى. ئۇلار ئايشە ئىسىملىك بۇ قىزنى مەختۇمسۇلاغا دېدەكلىككە سېتىۋېلىپ ئەكىلىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى، گەپلىرى مەختۇمسۇلاغا خۇددى ناخشىدەك چىرايلىق ئاڭلاندى. مەختۇمسۇلانىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

ـ مەختۇمسۇلا ئاچا، غىزا يەڭ، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، ئاكىڭىز چىن تۆمۈر باتۇر سىزنى دەپ ياشاۋاتىدۇ، ئەگەر سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىز چىن تۆمۈر باتۇر قانداق قىلىدۇ؟

ـ نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە! ـ مەختۇمسۇلا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلدى.

ئايشە بايىقى سۆزىنى يەنە بىر تەكرارلىدى ۋە ئۇنىڭغا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ھايات قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارغىماق ئېتى بىلەن كاپ - كاپ كۈچۈكىنىڭمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى، دوستلىرى ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى ئۆيىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كاتتا ئۆي سېلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر كۈنى دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ مەختۇمسۇلانىڭ يولىغا قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ خەۋەر مەختۇمسۇلاغا قايتا ھاياتلىق بەخش ئەتتى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى، چېچىگى ئاتلىق موڭغۇل خوتۇنغا ئىمزا، چاي ئەكەلدۇرۇپ تويغۇچە يەپ ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېچە - كۈندۈز قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولدى.

شاھزادە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى تەقدىرىگە تەن بەرگەنلىك، دەپ چۈشىنىپ خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتتى. مەختۇمسۇلانىڭ تەرسالىقى، باتۇرلۇقى، قارشىلىقلىرى ئۇنىڭ مەختۇمسۇلانى ئىگىلەش، بويسۇندۇرۇش ھەۋىسىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتەتتى. ئۇ مەختۇمسۇلادىن بىردەممۇ ئايرىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنى قىممەتلىك جاۋاھىراتلار، ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرگە كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن دۆلەت ئىشى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇدى. شاھزادىنىڭ يات خوتۇننى ئېلىشىغا ئەزەلدىن نارازى بولغان خانىكە - بىكەچلەر ئەمدى دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرۇلماي قېلىشتى. ئۇلار بىرلىشىپ قېرى خانغا ئەرز قىلىشتى. خان قاتتىق غەزەپلىنىپ شاھزادىنى غەربكە - يىراق ئەللەردىكى توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. دەل شۇ كۈنلەردە مەختۇمسۇلانىڭ قورساق كۆتەرگەنلىكى ئاشكارىلاندى. خاننىڭ ئوغۇل نەۋرىسى يوق ئىدى. بۇ خەۋەر خاپىلىقنى خۇشاللىققا ئايلاندۇردى. شاھزادە ئامالسىز چوڭ خوتۇننىڭ چېدىرىغا كۆچۈپ چىقتى. مەختۇمسۇلانى بېقىش ۋە كۈتۈشكە يېڭىدىن دېدەك، قاراۋۇللار كۆپەيتىلدى.

ئۇ دەل ئەتىيازدىكى قۇرۇقچىلىق كۈنلەر ئىدى، مەختۇمسۇلانىڭ سېزىكى بەكمۇ قاتتىق بولدى. ئۇنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە كۆڭلى ئېلىشاتتى، كېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمەيتتى. قەپەزدەك چېدىر، ئاچچىق تېرە پۇرىقى، تۆردىكى تەكچىگە تىكلەپ قويۇلغان ئەۋلىيا ناتىگەينىڭ ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ ھەيكىلى، شاھزادىنىڭ چىرايى. . . ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ چىڭ تورۇلگەن قوشۇمىلىرى زادىلا ئېچىلمايتتى، كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. شاھزادە بىلەن چېچىگى ئىش بۇنداق كېتىۋەرسە، بالىنىڭ ساغلام تۇغۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، مەختۇمسۇلانىڭ تالا - تۈزگە چىقىپ كۆڭلىنى ئېچىپ كېلىشىگە يول قويىدىغان بولدى. پەقەت بىرلا شەرت - ئۇنىڭغا نۆرغۇن دېدەك، قاراۋۇللار ھەمرام بولۇشى كېرەك ئىدى.

مەختۇمسۇلا تاغلارنىڭ، دۆڭلەرنىڭ نېرىسىغا، چېدىر - بارگاھلار كۆرۈنمەيدىغان يەرگە بېرىپ، يۇرتىنىڭ ئاسمىنىغا يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇدۇل تەرەپتىن سوققان غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ يۇرتى تەرەپتىن ئالما چېچەكلىرىنىڭ ھىدىنى، كىشىلەر كەچلىك غىزاغا ياققان ئوتنىڭ ئىسىنى، بوغدايلىرى تەكشى ئۈنۈپ چىققان بىنەم يەرلەرنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزاق ئولتۇراتتى. خىيالىدا ئۆزىنى ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، دادىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ، ئاكىلىرىنىڭ، كەنجىتاينىڭ ئىزى ساقلانغان قەدىم جايىدا كۆرەتتى. ئىشىك ئالدىدىكى ئاسمانپەلەك چىنارنى، چىنار ئالدىدا چۇقچىيىپ تۇرىدىغان، ئاكىسى چىن تۆمۈرلا مىدىرلىتالايدىغان يوغان قارا تاشنى، تورۇسى ئېگىز، گۈللۈك ئويۇقلىرىغا قەدىمىي چىنە - قاچىلار تىزىلغان، گىلەم سېلىنغان خىرە يورۇق ساراي ئۆي - ھۇجرىلارنى، تۆپىسىدە كەپتەر گۇگۇلداپ تۇرىدىغان ئېغىل - سامانخانا، بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنى، ئالمىلىق بېغىنى ئايلىناتتى. ئۇ ئەقلىنى بىلگەن ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئاشۇ ماكانىنىڭ شاد - خۇرام مەلىكىسى ئىدى. مېھرىبان دادىسى بىلەن پالۋان ئاكىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇمۇ ئۇلار ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن كۆيۈپ پىشاتتى. ئۆيلەرنى، ئوچاق باشلىرى، بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنى سېرىپ سۈپۈرەتتى، ئاش ئېتىپ، چاي قاينىتاتتى، ئارغىماق ئاتنىڭ، كاپ - كاپ كۈچۈكنىڭ، مۈشۈكلىرىنىڭ، كەپتەرلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئاشۇ قورۇ، ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە، ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاق ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش، شۇنچە يېقىن ئىدىكى، دادىسى بىلەن ئاكىسى قويغان نەرسىسىنى تاپالمىسا، ئۇ بىردەمدىلا تېپىپ بېرەلەيتتى.

ئاكىسى ۋە كەنجىتاي بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىغاندا، ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان يەرلەرگە مۆكۈۋېلىپ، ئىككىسىنى نەچچە ئاش پىشىم ئىزدىتەتتى. . .

ئاشۇ ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدە كەنجىتاينىڭ يۈرىكى، ساداقىتىنىڭ يالدامىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ قوللىرى ئەجەپمۇ خاسىيەتلىك ئىدى. ئۇ بىرەر تال نوتىنى نەم يەرگە سانجىپ قويسا تۇتۇپ قالاتتى.

ئۇنىڭ قولى تەگكەن ئالمىلار بولۇپ كەتكىنىدىن شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالاتتى. ئۇ كۆچۈرۈپ بەرگەن قىزىلگۈل خۇددى دەرەختەك تۈۋلەپ، ئوتتەك لاۋۇلداپ ئېچىلىپ كېتەتتى. قىزىلگۈل پەسلىدە باغدىن كېچىچە بۇلبۇل ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ تۇزەپ بەرگەن چاق باشقىچە يەڭگىل بولۇپ كېتەتتى. . چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنى بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايتتى. ئۇ بىرەر كۈن كەلمەي قالسا، مەختۇمسۇلا يولغا تولا قاراپ، ئىشنىڭ ئالدىغا نەچچە چىقاتتى، كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. . . ئۇ ئارمان بىلەن كۆزلىرى ئوچۇق كەتتى. مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلەلمىدى، كۆزىنى ئۆز قولى بىلەن يۇمدۇرۇپ قويالمىدى، ئۇنىڭ جەسىتىنى بولسىمۇ قۇچاقلاپ يىغلىۋالالمىدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەنجىتايدىن باشقا ئادەم سىغقان ئەمەس ئىدى. ئۇ كەنجىتاي بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتۈشنى، ئۇنىڭدەك قاۋۇل، ئەقىللىك ھەم چىرايلىق باللارنى تۇغۇپ قاتارغا قوشۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق ئۇنىڭ ئارزۇسى باللىق، ياشلىق ۋاقىتلىرى قالغان ئاشۇ قەدىم جاي بىلەن بىللە كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئون گۈلنىڭ بىرسى ئېچىلمىغان كەنجىتاي ئەنە شۇنداق ئارماندا كەتتى. ئاكىسى چىن تۆمۈر بولسا، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئايرىلدى. ئۆزى بولسا يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ، نەچچە يىل بىر قازاندا قايناتسىمۇ قېنى قوشۇلمايدىغان قالماق شاھزادىسىگە خوتۇن بولدى. ئاھ خۇدا! شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقىدا مىدىرلاۋاتقىنى ئۇنىڭ دۈشمىنىنىڭ پۇشتى. ئۇ ئۆز تېنىدىن، ئۆز تېنىدىكى تىنىمسىز ھايات ئىگىسىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇ دۈشمەنىنىڭ ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىۋاتقان، يۈرىكى ئۆچ ۋە زەردابتىن يېرىلغۇدەك بولغان پەيتلەردە ئۇنىڭ تېنى ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلغاندى. شۇڭا ئۇ ئۆز تېنىنى رەھىمسىزلەرچە قىيىنىدى، ئازابلىدى، كېچىلىرى قوپۇپ قولىغا چىققان نەرسە بىلەن قورسىقىغا ئۇردى، تولغاندى، سەكرىدى، نەچچە قېتىم ئايشەگە قورسىقىمغا تەپكىن، دەپ بۇيرۇدى، يېلىندى، تىللىدى. ئايشە قورقۇپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. بىر كېچىسى ئۇ ئۆز ئۆزىنى ئازابلاۋاتقاندا ئاغرىققا چىدىماي ئېڭراپ سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن چېچەكگى ئۇنىڭ بېشىدا ئۆرە ئولتۇرىدىغان بولدى. قورسىقىدىكى «ھازازۇل» مۇ ئۇنىڭ بىلەن تەرسالارچە ئېلىشتى، بارغانسېرى كۈچلىنىپ، ئۇنىڭ قورساقلىرىغا توختىماي تېپىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قورسىقى كۈندىن - كۈنگە يوغىنىدى. شاھزادە ئۇنى كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ كېلەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، چېچەكگەدىن ئىشتىھاسىنى، قانداق غىزا يەۋاتقانلىقىنى سورايتتى. ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى تاپلايتتى. كېيىن يوتقاننى قايرىپ مەختۇمسۇلانىڭ قورسىقىنى سىلايتتى، قورسىقىغا قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشايتتى. «ھازاۋۇل» نىڭ تېپچەكلەشلىرىنى سەزگەندە بولسا، خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلەتتى، كۆرەڭلىك بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە:

— پاھ، بۇنىڭ تېپىشلىرىنى! چىڭگىزنىڭ ئەۋلادى مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك بولىدۇ، قارىغاندا بۇ ئوغۇل ئوخشايدۇ! — دەيتتى.

مەختۇمسۇلا قورقۇنچ ۋە نەپرەت ئارىلاشقان چۈشىنىكسىز ۋەھىمە ئىچىدە ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىقنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتەتتى.

ئۇ كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. نامازشام بىلەن تەڭ مەختۇمسۇلانىڭ قورسىقى ئاغرىشقا باشلىدى. نەچچە كۈندىن بۇيان مەختۇمسۇلاغا سەپسېلىپ كېلىۋاتقان چېچەكگى مەختۇمسۇلانىڭ چىرايىغا قاراپ بىردىنلا ئالدىراپ قالدى. ئايشەنى ۋە باشقا دېدەكلەرنى بۇيرۇپ ئىسسىق سۇ، پاكىز لاتا تەييارلاتتى، چېدىرنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم يېپىپ، ئەر كىشىلەر ۋە يات ئادەملەرنىڭ كىرىشىنى توستى. ئارقىدىن تاختا پەردىكى ئەۋلىيا ناتىگەيىنىڭ ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن شام يېقىپ قويۇپ، ئىككى قولىنى جۈپلىگىنىچە يەردە دۈم يېتىپ ئۇزاق دۇئا ئوقۇدى، كەينى - كەينىدىن يەرگىچە ئېگىلىپ تازىم قىلدى. ئۇنىڭ لاپ - لاپ يېنىپ تۇرغان شام يورۇقىدا مىسرەڭ تۇسكە كىرگەن، ئىخلاس ۋە ھاياجان تەپچىپ تۇرغان چىرايى ناتىگەيىنىڭ يېنىدىكى سۇرلۇك ئايال ئىلاھ ھەيكىلىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

يېرىم كېچىدە مەختۇمسۇلانىڭ تولغىقى كۈچەيدى. گويا كىمدۇر بىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئىچ - باغرىنى قىزىق ياغدا داغلاۋاتقاندەك، ئۈستىخانلىرىنى غاراسلىتىپ پارچىلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ چىدىغۇسىز، توسۇۋالغۇسىز دەھشەتلىك ئاغرىق دەستىدىن چىپ - چىپ تەرلەپ تولغىناتتى، ئېڭرايتتى، بوغۇلاتتى، ئۆزىنى ھەريانغا تاشلايتتى. پۇت - قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان خوتۇنلار ئۇنىڭغا: «ئىنجىقلا!»، «ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت» دېيىشەتتى. ھەر قېتىم ئاغرىق ئەۋجىگە چىققاندا تەگسىز ئازابلىق بىر قاراڭغۇلۇققا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بىھوشلىنىپ، كۆزلىرى پىيالىدەك ئالىيىپ، نەپەسى توختاپ قالاي دېگەندە ئىچىدە: «ئاھ، ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشاللىناتتى، ئۆلۈمنىڭ قوللىرىغا مەھكەم

ئېسىلماقچى بولاتتى، بىراق ھەر قېتىم ئۆلۈم ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتەتتى. ئۇ يەنە دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ تولغىنىشقا باشلايتتى.

ئۇ ساق بىر كېچە تولغاق ئازابىنى تارتتى. چارچاپ، قىينىلىپ تامامەن ھالىدىن كېتەي دېگەندە قوزغالغان يەنە بىر قېتىملىق تولغاقتىن ئۇنىڭ بەدىنى كىرىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بەدىنىنىڭ «چىرس» قىلىپ يېرىلىشقا باشلىغىنىنى سەزدى ۋە جان تالىشىۋاتقاندەك قاتتىق چىرقىراپ جىمىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە بوۋاق بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى چېدىرنى بىر ئالدى. ئۇ بىھوشلۇق ئىچىدە خوتۇنلارنىڭ: «ئوغۇل ئىكەن، ئوغۇل!»، «شاھزادىگە خەۋەر قىلايلى» دېيىشكىنىنى ئاڭلىدى. ھەممەيلەن ئەمدىلا: «ئۇھ» دېيىشكەندە، مەختۇمسۇلا يەنە بىر قېتىم دەھشەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىدى، چېچىگى يۇگۇرۇپ كېلىپ، مەختۇمسۇلانىڭ ئايىغىدا بىر دەم ئاۋارە بولغاندىن كېيىن خۇش بولغىنىنى ياكى ئەندىشە قىلغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاۋازدا:

— ئوھوي، قوشكېزەك ئىكەن! — دەپ توۋلىدى. مەختۇمسۇلا ھوشىدىن كەتتى.

* * *

مەختۇمسۇلا ئوخشاش يۈگەككە يۈگىلىپ، ئىككى تەرىپىدە ياتقان بىر جۈپ بوۋاققا ھېلىدىن ھېلىغا تىكىلىپ قاراپ كېتەتتى.

قىزىق ئىش، ئۇ بالىلارنى قولىغا ئالغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭ «ھازازۇل» لارغا بولغان ئۆچمەنلىكى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئەكسىچە قەلبىدە پەيدا بولغان يېڭىچە يىللىق بىـــر سىزىم بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. دەسلەپكى كۈنلىرى ئۇ بالىلىرىغا قارىماسلىققا، يىغلىسىمۇ كارى بولماسلىققا تىرىشتى، بىراق چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ بالىلىرىغا قارىغانچە ھەيران قالدى، ئامراقلىقى كەلدى، ئاخىرى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. تويغىچە ئېمىپ مەڭزىگە قىزىللىـــق يۈگۈرۈپ، پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئوغۇللىرىنىڭ يۇمران مەڭزىگە سۆيدى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت بىلەن ئۆچمەنلىك تەڭلىشىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن بىگۇناھ پەرزەنتلىرى ئۇنى ئۆزى كېچە - كۈندۈز ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان دۈشمىنىگە، قەپەزگە ئوخشايدىغان ھەشەمەتلىك چېدىرغا باغلاپ قويدى.

مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىغا ھەسەن - ھۈسەن دەپ ئات قويدى. بىر جۈپ بۆشۈك ياسىتىپ، ئوغۇللىرىنى بۆشۈككە بۆلىدى. قوشكېزەكلەرنىڭ چىرايى بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، بىرى يىغلىسا، يەنە بىرىمۇ تەڭلا يىغلايتتى، بىرسى ئاغرىسا، يەنە بىرسىمۇ تەڭلا ئاغرىپ قالاتتى. مەختۇمسۇلانىڭ كۈنلىرى ئىككى بۆشۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتەتتى. ئۇلارنى ئېمىتەتتى، بۆشۈكنى تەۋرەتكەچ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئەللەيلەيتتى. بۆشۈكتىن يېشىۋېلىپ ئوغۇللىرىنىڭ بوغداي ئۆڭلۈك بۇدرۇق تېنىگە، پىلتىڭلاشلىرىغا، بىر يەرلىرى ئۆزىگە، بىر يەرلىرى دادىسىغا ئوخشايدىغان چىرايىغا سىنچىلاپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ تېنىدە ئېقىۋاتقان قاننىڭ يېرىمى ئۇنىڭ - رۇستەم پالۋاننىڭ، چىن تۆمۈر باتۇرنىــڭ، شىرمۇھەممەت، شىرئېلى، شىرزاتلارنىڭ؛ قالغان يېرىمى ياپپاڭ يۈز، قىسىق كۆز، قىسقا ئەگرى پۇتلۇق قالماقلارنىڭ. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ماختانغاندەك، ئۇلۇغ بوۋىسى چىڭگىزنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇ قانچىلىك شۆھرەتلىك، ئېسىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زورلۇق، قىرىش - چېپىــش، ھۆكۈمرانلىق ئىستىكىدە بۇزۇلغان ئىپلاس قان! ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ چوڭ بولسا، باشقىلارنىڭ يۇرت - ماكانىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان، ئادەم قېنى ئىچىدىغان ئاشۇ قانخورلارغا قوشۇلۇپ كېتەرمۇ؟ ياق، مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىنىڭ يېنىدىلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ قانخور بولۇپ قېلىشىغا يول قويمايدۇ. ئوغۇللىرىغا ئىنساپ، ئادىمگەرچىلىك، راستچىللىقنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ كېچىلىرى ئوغۇللىرىنىڭ بۆشۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا رۇستەم پالۋان ۋە چوڭ ئاكىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى، ئامراق ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇر، ئۇنىڭ ئارغىماق ئېتى ۋە كاپ - كاپ كۈچۈكى توغرىسىدىكى ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالغىنىنى . . . سۆزلەپ بېرەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوغۇللىرىغا ئەمەس،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزىگە سۆزلەيتتى، ئۆتكەن كۈنلەرنى شۇنداق ئەسلەيتتى، قايغۇ ـ ھەسرىتىنى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى ئەنە شۇنداق ئۇنتۇيتتى:

. . . ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى پايانسىز زېمىندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تىنچ ھەم بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىكەن، ئۇلار ئىنتايىن قاۋۇل، ئىشچان خەلق ئىكەن. ئىراق بەك ئاق كۆڭۈل، بەك ساددا ئىكەن. بىر يىلى كۈن چىقىش تەرەپتىن ياۋۇز، ھىيلىگەر ھەم ئاچكۆز قالماقلار كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەپتۇ. ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئېتىز ـ يايلاقلارغا ئوت قويۇپ، زېمىنىمىزنى ئىگىلىۋاپتۇ. . .

* * *

شاھزادىنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا كۆرگەن بىر جۈپ ئوغلى ئۇنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردى. قىبرى خانىمۇ ھەرەم بېگىنىڭ ھەمراھلىقىدا نەۋرىلىرىنى كۆرگىلى كەلدى. چېچەكى باللارنى بۆشۈكتىن يېشىپ قىپيالىڭاچ قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ خىرەلەشكەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

ـ نېمە دېگەن قاۋۇل، نېمە دېگەن چىرايلىق باللار ـ ھە! قاڭشىرى بىلەن قېشى ئانا جەمەتىنى، قالغان يەرلىرى پۈتۈنلەي بوۋامنى تارتىپتۇ. بوۋام شۇنداق كەڭ مۆرىلىك، زەبەردەست ئادەم ئىدى، جەمەتىمىز ئىچىدىكى ئەڭ كېلىشكەن ئادەم ئىدى، ـ دېدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئانا ـ بالا ئۆچەيلەنىنىڭ ھالىدىن ئالاھىدە ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى. خەيرلىك بىر كۈننى بەلگىلەپ نەۋرىلىرىنىڭ شەرىپىگە كاتتا بەزمە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى ۋە يېقىن ـ يىراقتىكى بەگلەرگە خەۋەرچىلەرنى ماڭدۇردى.

بەلگىلەنگەن كۈن يېقىنلاشقاندا، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاتلىق، ھارۋىلىق ئەزىز مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئات ـ ھارۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا سوۋغاتلىق ئېسىل ئاتلار، يۈك ـ تاق ھارۋىلىرى بار ئىدى. سوۋغاتقا ئېلىپ كېلىنگەن ئاتلار 36 ياكى 81 بولاتتى، باشقا سوۋغاتلارنىڭ سانىمۇ شۇ بويىچە بولاتتى. ئاق ئات، ئاق رەڭلىك سوۋغاتلار ئالاھىدە ئەتىۋارلىناتتى، شۇڭا سوۋغاتلارنىڭ ئارىسىغا ئاق رەخت قوشۇپ قويىلاتتى. ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغا ـ سالاملار بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ۋە ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. مېھمانلارنىڭ شەرىپىگە يېڭى چېدىرلار تارتىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن قوي ـ كالا، ئات ـ تۆگىلەر سويۇلدى. يوغان ـ يوغان كۈپ، كومزەكلەردە ئۇزاق يىل ئېچىتىپ ياسالغان مەي ـ بوزىلار تەييارلاندى. يەتتە ئىقلىمنىڭ ھۆل ۋە قۇرۇق يېمىشلىرى، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر تەقلەندى. موڭغۇل داللىرىنى كۈيلەيدىغان، قەدىمىي ھەيۋەتلىك ناخشىلارنى ئېيتىشقا ماھىر قىبرى ئۆلەنچىلەر، شوخ، جۇشقۇن ناخشا ـ سازلىرى بىلەن سورۇننى قىزىتىدىغان ياش سازەندىلەر، گۈزەل ئۇسسۇلچى قىزلار يىغىـــلدى. چېدىرلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ياپيېشىل چۆپلۈككە شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ قىبرى خان، شاھزادە ۋە خانىكىلەر ئۈچۈن ئېگىز سۇپا، تەخت، ئەتراپىغا ۋەزىر، سەركەردىلەر، تۈمەن بېگىلەر، مىڭبېشى ۋە يۈز بېشىلار ئۈچۈن مەرتىۋىسىگە قاراپ رەت بويىچە ئورۇنلار ھازىرلاندى.

بەلگىلەنگەن كۈنى ھەممە مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندا خان مۇلازىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇپىدىكى تەخت ئۈستىدە جەنۇب تەرەپكە يۈزلىنىپ ئولتۇردى. مۇلازىملار ئۇ يېنىدىن ئايرىمايدىغان كۆندۈرۈلگەن شىر بالىسىنىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە شاھزادە، سول تەرىپىگە قىبرى خانىكە، خانىكىنىڭ ئارقا تەرىپىگە شاھزادىنىڭ خوتۇنلىرى جايلاشتى. تەييار بولۇپ تۇرغان مۇلازىملار شۇ ھامان پەتنۇس ـ لېگەنلەرگە ئېلىنغان ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى، پىششىق گۆش، چۆجە ۋە ئۆچار قاناتلارنىڭ گۆشىدە قىلىنغان كاۋاپلار، يەل ـ يېمىشلەرنى تۆكمە قىلىپ تىزىۋەتتى. مېھمانلار يەپ بىر يەرگە بارغاندا مەي ـ بوزىلار تارتىلدى. يەپ ـ ئىچىش ئەۋجىگە چىقتى. موڭغۇل ئاياللارمۇ يەپ ـ ئىچىشتە ئەرلەردىن قېلىشمىدى. ئەرلەرنى چۆشۈرىدىغان، قىزىتىدىغان چاقچاقلارنى قىلىپ، ئۇلارنى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا تارتىپ سورۇننى قىزىتىۋەتتى. سازەندە ـ ئۇسسۇلچىلارمۇ ئۆز ماھارىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا باشلىدى. ئانا يۇرت، موڭغۇللارنىڭ قەھرىمانلىقلىرى كۈيلەنگەن قەدىمىي ناخشىلار

كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ياش كەلتۈرسە، شوخ، چەبدەس ناخشا - ئۇسسۇللار يۈرەكنى ئوينىتىپ، قانلارنى قىزىتاتتى. ئويۇن - تاماشا، مەيخورلۇق كەچكىچە داۋاملاشتى.

كەچ كىرگەندە مۇلازىملار ھەر ئون قەدەم ئارىلىقتا ئوتقاشلارنى يېقىۋەتتى. ئىچىملىكتىن چىرايى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشقان كىشىلەر تاڭ ئاتقىچە ئەيش - ئىشرەت قىلىشتى. مەست بولغانلىرى ئولتۇرغان يېرىگىلا يىقىلىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئەتىسى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ يەنە يەپ - ئىچىشتى، ئويناشتى. ئويۇن - كۈلكە، تاماشا ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. بەزمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ناھايىتى ئابرويلۇق، ئېسىل نەسەبلىك بىر تومەنبېگى ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەختۇمسۇلانىڭ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مەختۇمسۇلا ئۇنىمىدى. بەگ مەختۇمسۇلا تىلىكىمنى ئىلىك ئالمىدى دەپ رەنجىگەندەك قىلىپ، يېمەي - ئىچمەي ئولتۇرۇۋالدى. شاھزادە: «بۈگۈن بەگنىڭ دېگىنىنى قىلسىلا، قانداق تەلىپى بولسا ئورۇندايمەن» دەپ بىر مۇلازىمنى مەختۇمسۇلانىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

مەختۇمسۇلا: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن شاھزادە مېنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش ئىختىيارىمنى چەكلىمىسۇن» دەپ شەرت قويدى. شاھزادە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ماقۇل بولدى. مەختۇمسۇلا بېشىدىن رومىلىنى ئېلىپ تاشلاپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. يەرلىك بەگلەردىن بىرى باشلاپ كەلگەن بىر تەمبۇرچى تەمبۇرنى مۇڭلۇق ھەم كۆپ ئۆزگىرىشلىك بىر كۈيگە چېلىۋىدى، سورۇن يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىققا چۆمدى. مەختۇمسۇلا ئۆزىنى، ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدا يۇرتى، ئۆز ئۆيى، ئاكىسى، مەھەللە يىگىتلىرىنىڭ گۈلى، چاقماقتەك چەبدەس كەنجىتاي جانلاندى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان پىغان ئاجايىپ نەپىس بەدەن ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا كەنجىتاي بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك، دەريا بويىدىكى توقايلىقتا قوغلىشىپ يۈرگەندەك تۇيۇلدى، بارا - بارا قەلب ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئېتىز - يايلاقلار، ئىگىسىز جەسەتلەر، خارابىلىققا ئايلانغان ئۆيلەر. . . بېشى تېنىدىن جۇدا بولغان كەنجىتاي كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ كەنجىتاينىڭ يۈزىنى سىلىماقچى بولۇپ قوللىرىنى ئۇزاتاتتى، تولغىناتتى، پىرقىرايتتى، گاھ يەرگە، گاھ ئاسمانغا تەلپۈنەتتى، نالە، ئىلتىجا قىلاتتى. ئۇنىڭ قىياپىتى گاھ بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈلگە، لەرزان تال چىۋىقىغا ئوخشىسا، گاھ ئوق تەگكەن كېيىككە، مۆلدۈر سوققان ياپراققا ئوخشايتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ، ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى. . . ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان مۇنداق پۈخادىن چىققۇچە ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغانىدى. ئۇ يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن شامالدەك تېز پىرقىراپ، ئاخىرى يەرگە يىقىلدى، سۇمبۇل چاچلىرى قېلىن پەردىدەك يېيىلىپ تېنىنى توسۇۋالدى.

تىمتاسلىققا چۆمگەن ئالامان ئىچىدىن بىردىنلا كۈچلۈك قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئۇنى دىدەكلەر كۆتۈرۈپ چېدىرغا ئەكىرىپ كېتىشتى. بەگ مەردانىلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق قاراتورۇق ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى - دە، ئۇنى مەختۇمسۇلانىڭ چېدىرى ئالدىغا باغلاپ مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلدى. بەيگىلەردە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ ئات ئۇزاقتىن بۇيان ھەممە ئەرلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ كېلىۋاتاتتى. شاھزادىمۇ ئۇنىڭدەك ئابرويلۇق ئادەم بىلەن ئارازلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپلا ئات ھەققىدە ئېغىز ئاچالماي كەلگەنىدى. بىراق بۇ ئېسىل ئاتنىڭ ئاخىرى ئامراق ئايالىنىڭ چېدىرى ئالدىغا باغلانغىنىدىن ئانچە خۇشال بولمىدى. ئەكسىچە قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك شۈكلەپ كەتتى.

* * *

قوشكېزەكلەر كۈندىن كۈنگە ئەت ئېلىپ، بوي تارتىپ چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئەمدى ئۇلار ئوخشاش ئاۋازدا گۇگۇراپ بىر نېمىلەرنى دەيدىغان، ئانىسىنى كۆرسە خۇشاللىقىدىن ۋىلىقلاپ كۈلىدىغان، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان بولغانىدى. ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن باشقا بىرسى ئالسا قىرقىراپ يىغلىشاتتى، ئانىسى ئورنىدىن قوزغالسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇدرۇق پۇت - قوللىرىنى تەڭلا پىلتىڭلىتىشاتتى، ئانىسى قولىغا ئالغاندىلا ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىپ، تويغۇچە ئېمىپ، مەڭزىلىرى ياش پېتى ئۇخلاپ قالاتتى. مەختۇمسۇلا

ئوغۇللىرىنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاقتىن ئۇزاق قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ يۇمران تېنىدىن، پۇرىقىدىن ھوزۇرلىناتتى. ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ قىرقىراپ يىغلىشىدىن قورقاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئانىلىق مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە تەگداشسىزلىقىدىن ھەيران بولاتتى. خۇدا نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچىۋالا كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلغاندۇ؟ مېنىڭ يۈرىكىم باللىرىمنىڭ ئوتىدا نېمە ئۈچۈن مۇنداق پىژىلداپ كۆيىدىغاندۇ؟ باشقا ئانىلارمۇ ماڭا ئوخشامدىغاندۇ؟ دەپ قالاتتى. خۇددى بىر سىرنىڭ تېگىگە يەتمەكچىدەك، موڭغۇل ئاياللارنىڭ باللىرىنى بېقىشىغا سىنچىلاپ سەپسالاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك، ئېزىلەڭگۈلۈك چىقىپ تۇراتتى. باللىرى يىغلاپ تېلىقىپ قالسىمۇ كارى بولمايتتى، ئالدىراپ ئەمچەكمۇ سالمايتتى، بەزىدە ۋارقىراپ، كايىپ كاسىسلىرىنى چىمداپمۇ ئالاتتى. مەختۇمسۇلا ئۇلارنى دورىماقچى، ئۇلاردەك بىپەرۋا بولۇۋالماقچى بولسىمۇ، بولالمايتتى. ئوغۇللىرىنىڭ بۇغدىيۈق چىرايى، پۇت - قوللىرى، ئۆزىگە تەلپۈنۈپ تۇرۇشلىرى ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى، ئۇلارغا قاراپ تويمايتتى، مەڭزىلىرىگە، بەدىنىگە، ئالقانلىرىغا سۆيۈپ قانمايتتى. باشقىلار ئىككى بالىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمەيتتى. بىر - بىرىگە مۇنداق ئوخشايدىغان قوشكېزەكلەرنى ھېچنەدىن كۆرمىگەنمىز، دېيىشەتتى. پەقەت مەختۇمسۇلالا ئانىلىق كۆڭلى بىلەن ئۇلارنى بىر قاراپلا پەرقلەندۈرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا ئاۋازىدىن ئاجايىپ نازۇك ھېسسىيات، ئامراقلىق چىقىپ تۇراتتى. ئوغۇللىرىدىن بىرەرسى قىزىپ، يۆتىلىپ قالغۇدەك بولسا، كېچىلىرى بېشىدا كىرپىك قاقماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ باللىرى ئۈچۈن مۇنچە كۆيۈپ - پىشىشى، باللىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلالماسلىقى شاھزادىنى خېلىلا خاتىرجەم قىلدى. ئۇ چاندۇرماي مەختۇمسۇلانىڭ ئەتراپىدىكى كۆزەتچىلەرنى ئازايتتى. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئات مىنىپ سىرتلارغا چىقىشىغا يول قويىدىغان بولدى.

قارا تورۇق ئات شاھزادىنىڭ ئېغىلىدا بېقىلاتتى. ئاتلارغا بىر پۈتى ئاقسايدىغان، يېشى 50 لەردىن ئاشقان دامىرىن ئىسىملىك موڭغۇل قارايتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ مەختۇمسۇلانى ئاتخانىغا كىرىشتىن توسايتتى، ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ قالسا قورقۇپ دەرھال چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلاتتى، قوللىرى بىلەن بېشىنى كۆرسىتىپ: «خوجايىن ئاڭلاپ قالسا، بېشىمدىن ئايرىلىمەن» دەيتتى.

مەختۇمسۇلانىڭ خۇش مۇئامىلىسى، يېقىملىق گەپ - سۆزلىرىدىن ئېرىپ قالدىمۇ ياكى شاھزادىنىڭ پەيلى ئۆزگىرىپ قالغاچقىمۇ، كېيىنچە ئۇ مەختۇمسۇلا بىلەن كارى بولمايدىغان، ئۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان بولدى. مەختۇمسۇلا بەزى كۈنلىرى باللىرىنى ئايشەگە تاپشۇرۇپ ئاتخانىغا كېلەتتى. قارا تورۇق ئاتنىڭ بويۇن - باشلىرىنى سىلاپ، يانچۇقىدىن تاتلىق - تۈرۈملەرنى چىقىرىپ يېگۈزەتتى. ئۇنىڭغا مىنىپ تالا - تۈزگە چىقاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاتخانىنىڭ ئىچى - تېشى ئۇنىڭغا بەش قولدەك تونۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ دامىرىننىڭ مەيگە ئامراقلىقىنى، كۈچلۈك، ئۆتكۈر مەيلەرنى ساقلاپ ئىچىدىغانلىقىنى، ئادەتتە ناھايىتى سەگەك ئۇخلىسىمۇ، مەست بولۇپ قالغان چاغلاردا ئۆلۈكتەك ھېچنەرسىنى تۇيمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئاتخانىنىڭ تاقىقىمۇ ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. گەپ پۇرسەتنى كۈتۈشتىلا قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇنداق پۇرسەتلەر كەلمىدىمۇ ئەمەس، ئەمما مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىغا قىيالمىدى. ئۇلار بەك كىچىك، سەل چوڭ بولسۇن، ئاڭغىچە ئۇلارنى ئۆزۈمدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتۇرارمەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ يوقلۇقۇمنى سەزمەي قالار، دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇنىڭ خىيالى خىيال پېتىچە قالاتتى، ئۇ ئوغۇللىرىدىن ئۆزىنى تارتالمايتتى. بىر كۈنلەردە ئۇلارنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىسىلا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى، ئۆزىنى تۇتالماي ئوغۇللىرىنى باغرىغا مەھكەم باساتتى.

قوشكېزەكلەر يېشىغا يەتكەندە، دەسلەپتە بۆشۈكلىرىگە ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇرىدىغان بولدى، كېيىن بىردىنلا تەمتىم مېڭىپ كېتىشتى. مەختۇمسۇلا چېدىرنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ باللىرىغا قولىنى ئۇزاتسا، ئىككىسى بەس - بەستە ئۇنىڭغا قاراپ پىلتىڭلاپ مېڭىپ كېلىشەتتى. يېرىم يولدا يىقىلىپ چۈشسە، يىغلىماي ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭاتتى، بىر - ئىككى قەدەم قالغاندا تەڭلا ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتاتتى.

ئۇلار تەمتىلىگىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان چاغلاردا مەختۇمسۇلا كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ: «ئۇلار يىقىلمايدىغان بولسۇن، شۇ چاغدا. . .» دەپ ئويلايتتى.

بالىلار يىقىلمايدىغانمۇ بولدى. ئايشە ئۇلارنى چېدىرنىڭ ئالدىدا ئوينىتاتتى. بىر جۈپ بۇدرۇق ئوغۇل ھەممە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياللار، مۇلازىملار ياكى ئەمەلدار - بەگلەر ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىختىيارسىز توختاپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى. مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىغا كۆز تەگمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەن چوڭ بولۇشى ئۈچۈن، بىر جۈپ چىرايلىق تۇمار ياسىتىپ بوينىغا ئېسىپ قويدى ھەم ئايشەگە ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ ئۇنى ئېلىۋەتمەسلىكنى تاپىلىدى. بۇ تۇمارغا قارىسىلا ئۇنى يىغا تۇتاتتى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە قولىدىن يىپ - يىڭنە چۈشۈرمەي، ئوغۇللىرىغا بىر نەچچە قۇردىن كىيىم تىكتى، يوتقان - كۆرپىلىرىنى سۆكۈپ يۇغۇزدى. ئۇ يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرۇپ چېدىرنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن يىراقتىكى تاغ - ئېدىرلارنىڭ ياپيېشىل تۇسكە كىرگەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ئۇنىڭ مۇشۇ قەپەزدە ئۆتكۈزگەن ئۈچىنچى يىلى ئىدى. ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە يىراقتىكى ئۇلۇغ موڭغۇل خانىنىڭ مەۋلۇد كۈنى خاتىرىلىنەتتى. موڭغۇللار ئەتىگەندىن تارتىپلا يېيىش - ئىچىشكە، ناخشا ئېيتىشقا چۈشۈپ كېتەتتى. كەچتە ھەممىسى غەرق مەست بولۇپ يېتىشىپ كېتەتتى. مەختۇمسۇلا بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۇ كۈنگە ئانچە ئۇزاق قالمىغانلىقىنى بىلدى. . .

* * *

قۇياشمۇ كەيپ بولۇپ قالغاندەك قىزىرىپ ئۆزىنى يىراقتىكى تاغلارنىڭ كەينىگە ئالدى. ئەتراپنى ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلۇق باستى. تاغلارنىڭ كەينىدە چوغدەك تاۋلىنىپ يېنىۋاتقان كەچكى شەپەق، يېنىۋاتقان بۇلۇتلار نېمىشكىدۇر ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى چۈشتەك خىرە، ھاياجانلىق ئەسلىمىلەرنى قوزغايتتى. كۈندۈزكى شاۋقۇن - سۈرەن ئاستا - ئاستا بېسىقىپ، ئوتقاشلار، چېدىرلارنىڭ چىراغلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆچتى، سىرتتا ئەتىياز ئاخشىمىنىڭ يىللىق، يەڭگىل ھاۋاسىدا سۈس مەي پۇرىقى، مەستلەرنىڭ جۆيلۈشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى لەيلەپ يۈرەتتى. كېيىنچە بۇ ئاۋازلارمۇ يوقالدى. تۇيۇقسىز يىراقتىكى بىر چېدىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى، بىرسىنىڭ ئات باشلىق غىجەككە تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى. ناخشىچى بوغۇق، سەل تىترەك ئاۋازدا يىراقتىكى يۇرتىنى، ئۆزىنى ئۈزىتىپ قالغان سۆيۈملۈك يارىنى كۈيلەيتتى. يايلاق ئاسمىنىغا ئوخشاش بىپايان، ھەيۋەتلىك ھەم لەرزان بۇ ناخشا يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق بولغان، كۆڭلىدىكى مۇھەببەت ۋە نازۇك تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ قويغان بۇ كىشىلەرنى بىر پەس ئەسلى ھالىتىگە ياندۇرغاندەك بولدى. كىمدۇر بىرى خىرىتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. پۈتكۈل بارگاھ گويا سۈكۈت ئىچىدە بۇ ناخشىنى ۋە كىمدۇر بىرىنىڭ دەردلىك يىغىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تىمتاسلىققا چۆمدى. دۇنيادا دەردى يوق كىم بار؟

يىغا ئاۋازى ئاستا - ئاستا يوقالدى. گويا مەست ناخشىچىنىڭ قولىدىكى غىجىكى تۇيۇقسىز يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك، ئۇ ھېچنەرسىنى تۇيماي ئولتۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كەتكەندەك، ناخشىمۇ چورت ئۈزۈلدى.

تۆردىكى شايى چىمىلدىق قايرىلىپ، شاھزادىنىڭ كەيپلىك ۋە تەقەززالىق چىقىپ تۇرغان چىرايى كۆرۈندى، ئۇ دەلدەڭشىپ كېلىپ مەختۇمسۇلانى كارىۋاتقا تارتتى، مەختۇمسۇلا ئۇنى يۆلەپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇشىغا ئۇ يەنە ھېچنەرسىنى تۇيماي خورەك تارتىشقا باشلىدى.

مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ گاھ ئۇ ئوغلىغا قارىسا، گاھ بۇنىڭغا قارايتتى، گويا تاتلىق ئۇيقۇ ئىچىدىكى ئوغۇللىرىنىڭ چىرايىنى قەلبىگە نەقىش قىلىپ ئويۇۋالماقچىدەك ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. كىچىككىنە قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سۆيەتتى. ئىچىدە يىغلايتتى، ئوغۇللىرىغا يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلاتتى.

ئاھ، بىچارە قوزىچاقلىرىم، جىگەرلىرىم، مەن سىلەرنى تاشلاپ كېتىمەن، ئەمدى سىلەرنى باغرىمغا

باسالمايمەن، سىلەرمۇ ئۇيقۇدىن گۇڭگىراپ ئويغانغان چېغىڭلاردا ئاناڭلارنى كۆرەلمەيسىلەر. ئاناڭلارنى يىقىلىپ - قوپۇپ ھەريان ئىزدەرسىلەر، قىرقىراپ كېتەرسىلەر. . . بىراق ئەمدى يىغلىساڭلار ھېچكىم چىن كۆڭلىدىن باغرىغا بېسىپ تەسەللىي بېرەلمەيدۇ، يىقىلىپ كەتسەڭلار ھېچكىم ئالدىڭلارغا يۈگۈرۈپ بارمايدۇ. . . بۇلارنى ئويلىسام يۈرىكىم پارە - پارە بولىدۇ. سىلەردىن ئايرىلسام كۈچ - مادارىمنى يوقىتىمەن. بىراق. . . مەن بۇ يەرگە، بۇ كىشىلەرگە تەۋە ئەمەس. بۇ يەردىكى ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسە ماڭا دۈشمەن. مەن دۈشمىنىمنىڭ ئالتۇن قەپىزىدە 100 يىل ياشىغاندىن، ئۆز يۇرتۇمدا ئۈچ كۈن ئەركىن ياشاپ ئۆلۈپ كېتىشنى ئەۋزەل كۆرىمەن. مېنىڭ دادام، ئاكىلىرىم شۇنداق ياشىغان، دۈشمىنىگە تىز پۈكمىگەن، مەنمۇ شۇنداق ياشايمەن. يۇرتۇمدا ئۆي - ماكانىم، مېھرىبان، تەڭداشسىز باتۇر ئاكام بار. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۈنى زۇلمەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇنى مېنىڭ دۈشمەنلىرىم شۇنداق قىلىپ قويغان. ئۇ مېنىڭ ياردىمىمگە مۇھتاج، ئۇ مېنى كۆرەلمىسە غېرىبلىقتىن، قايغۇ - ھەسرەتتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما سىلەرنىڭ داداڭلار، بوۋاڭلار بار، سىلەرنى باقىدىغان ئايشە، چېچەكلەر بار. خەير، جېنىم باللىرىم، بويىنۇڭلاردىكى تۇمار سىلەرنى ئامان - ئېسەن ساقلىغاي. شور پېشانە، باغرى تاش ئاناڭلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، خۇدايىم مېنى كۆڭلۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتكەي ئىلاھىم! ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلار، ئىنساپلىق ئادەم بولۇڭلار. . .

مەختۇمسۇلا تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئوغۇللىرىنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى، ئۇلارنىڭ باش - كۆزىنى سىيلاپ سىيپىدى، ئالدىراپ كۆڭلىكىنى يېشىپ ئۇلارنى ئاخىرقى قېتىم ئېمىتتى. كىچىك ئوغلىنى ئېمىتىۋاتقاندا، ئۇ گويا ئۇيقۇلۇقتا بىر نەرسىنى تۇيغاندەك، كىچىككىنە قولىنى ئۇزىتىپ ئانىسىنىڭ بىر تۇتام چېكە چېچىنى مەھكەم قامالليۋالدى. ئېمىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قويۇپ بەرمىدى. مەختۇمسۇلانىڭ كۆزلىرىدىن يەنە بىر قېتىم ياش قۇيۇلدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ قولىنى ئاۋايلاپ ئاجرىتىپ، دۇنيادىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئوغۇللىرىنى ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ، ئالدىراپ كىيىندى. تىقىپ ساقلاپ يۈرگەن ئاش پىچاقنى قوينىغا سالدى. دېمىنى ئىچىگە تارتىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ پەگادا ئۇخلاۋاتقان ئايشەنىڭ ئايىغىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

پۇچۇق ناندەك يېرىم ئاي نېپىز بۇلۇتلار ئارىسىدا غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار نېمىگىدۇر ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

مەختۇمسۇلا ئاتخانىنىڭ ئالدىغا بارغاندا يۈرىكى بىردىنلا ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. خۇددى كىمدۇر بىرى پوسۇرلاپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك، بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردىن سىرلىق كۆزلەر ماراپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ پۇت - قولىدىن ماغدۇر قاچتى. ئىشىككە چاپلىشىپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى. ئەتراپ جىمجىت، ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى. ئاي يۈزىنى بۇلۇتلار توسۇۋالغانىدى.

ئۇ قوينىدىن پىچاقنى چىقىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ تۇرغان توغرا ياغاچنى پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا بىر تەرەپكە سۈردى، ئىشىك بىردەمدىلا تىرىققىدە قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ بۇرنىغا يەم - خەشەكنىڭ، تېزەكنىڭ ھەم ئاتنىڭ ھىدى قوشۇلۇپ كەتكەن دىمىق ھاۋا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. ئەڭ چەتتىكى ئوقۇرنىڭ ئىچىدىن دامىرىنىڭ ئىككى پۇتى ساڭگىلاپ تۇراتتى. يەردە مەي كومزىكىنىڭ سۇنۇقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. مەختۇمسۇلا پۇتىنىڭ ئۇچىدا تۆردىكى ئوقۇر تەرەپكە ئۆتتى. تورۇق ئات ئۇنى كۆرۈپ ھاياجانلانغاندەك دەپسىنىپ بوش پۇشقۇردى، قۇلاقلىرىنى مىدىرلاتتى. مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىپ بويۇن - باشلىرىنى سىيلىدى، ئات يەڭگىل قەدەم بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

مەختۇمسۇلا ئىشىكنى ئاۋۋالقىدەك يېپىپ قويۇپ ئاتقا سەكرەپ مىندى. ئۇنىڭ يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تىپچەكلەيتتى. يىراقتىكى دۆڭگىچە ئاتنى ئاستا يورغىلىتىپ، دۆڭدىن ئۆتكەندە مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئات خۇددى چېپىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغاندەك ئالغا قاراپ ئۇچتى. تورۇق ئاتنىڭ پاچاقلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە، قەدەملىرى شامالدەك يەڭگىل ئىدى. چاپقان چېغىدا تۇياقلىرىنىڭ يەرگە تەگكەن - تەگمىگىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

دەريا شىمال تەرەپتە، مۇشۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋالسىلا دەريانى كۆرىمەن. . .

مەختۇمسۇلا كۆڭلىدە شۇنداق ئويلاپ ھاياجانلىناتتى. ئاتنى توختىماي دېۋىتەتتى، ئاتمۇ مەختۇمسۇلانىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرغاندەك شامالدەك تېز چاپاتتى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز تاغلار كېچىدە باشقىچە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى، تاغلارنىڭ نېرىسىدىكى ئاسمان رەڭگارەڭ بولۇپ ياناتتى، تورۇپلا بىرەر يېرىم يۇلتۇز ئاسماندا ئوتلۇق ئىز قالدۇرۇپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن چاچراپ چىققان تاشلارنىڭ يول بويىدىكى چوڭقۇر جىلغىلارغا چۈشۈپ كەتكەن ئاۋازى يۈرەكنى جىغىلدىتاتتى.

قارا گاھتىكىلەر مېنىڭ يوقلۇقىمنى بىلدىمىكىن؟ ئوغۇللىرىم كۈندە مۇشۇ چاغلاردا قورسىقى ئېچىپ يىغلاپ ئويغىنىپ كېتىدىغان . . . چوقۇم ئاۋۋال ئايشە ئويغىنىدۇ. مېنىڭ يوقلۇقىمنى بىلىپ قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. يىغلاپمۇ كېتەر بىچارە قىز. مەختۇمسۇلانى سەن قاچۇرۇۋەتتىڭ، دەپ ئۇنى ئازابلاشمىسىلا مەيلى ئىدى. . .

تاغ ئارىسى خېلىلا سوغۇق ئىدى. مەختۇمسۇلا بۆلغۈن جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى مەھكەم ئېتىپ، رومىلىنى مەھكەم ئورىدى. تورۇق ئاتنىڭ بويۇنلىرىنى سىلاپ، ئازراقمۇ تەرلىمىگەنلىكىنى بىلىپ خۇشال بولدى ۋە ئىختىيارسىز ھېلىقى تەكەببۇر موڭغۇل بەگنى ئەسلىدى. ئاشۇ بەگ مەختۇمسۇلاغا ياردەم قىلغاندەكلا بىر ئىش قىلدى. تورۇق ئات بولمىغان بولسا، ئۇ ھازىرغىچە بۇ يولنىڭ يېرىمىنىمۇ باسالمايتتى. قوغلاپ كەلگەنلەر ئۇنى بىردەمدىلا تۇتۇۋالاتتى. ئاپىرىپ ئىتنىڭ ئورنىدا سولاپ قوياتتى، خارلايتتى، ئۇرۇپ-سوقاتتى. موڭغۇللار ئەزەلدىن ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرىگۈچىلەرگە رەھىم قىلمايدۇ. . .

. . . بۇ چاغقىچە ئايشە قورقۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ چېچەكنى ئويغاتقاندۇ، چېچەكگى شاھزادىنى ئويغىتىدۇ. ئۇ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ مېنى ھەممە يەردىن ئىزدەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئاۋۋال ئاتخانىغا بارىدۇ. تورۇق ئاتنىڭ يوقالغىنىنى كۆرسە ھەممە ئىشنى چۈشىنىدۇ. كەلگۈلۈك بىچارە دامىرىنغا كېلىدىغان بولدى. قول ئاستىدىكى لاياقەتسىز خادىملارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن دائىملىق ئەمەك. دامىرىن دائىم: «خوجايىن بېشىمنى ئالىدۇ» دەيدىغان، دېگىنىدەك بولىدىغان بولدى. . .

تاغلار بارا - بارا شالاڭلاشقا باشلىدى، سوغۇق شامال كۈچەيدى. شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغاندا مەختۇمسۇلا بىردىنلا پايانسىز يايپېشىل تۈزلەڭلىككە چىقىپ قالدى. ئۇ روھلىنىپ، ئۈمىد بىلەن شىمال تەرەپكە نەزەر سالدى، دەريا كۆرۈنمەيتتى. بىراق ھاۋا ئىسسىپ يول مېڭىش ئاسانلىشىپ قالغانىدى. چۈشكە يېقىن ئۇ بىر پادىچىنىڭ كەپىسى ئالدىدا توختاپ ئېتىنى سۇغاردى. پادىچى ئۇنىڭغا كەچكىچە توختىماي ماڭسا، دەريا بويىغا يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەختۇمسۇلا ئېتىنى بىردەم ھاردۇق ئالدۇرۇۋېلىپ يەنە يولغا چۈشتى. ئۇ ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ، سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، توپ - توپ يىلقا، قوي - كالىلار ئوتلاۋاتقان يەرلەردىن ئۆتتى. يەنە قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇ شىمال تەرەپتە بۆرە كۆزىدەك پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزدىن كۆزىنى ئالمايتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى خىرە، ئۇششاق يۇلتۇزلار چۆرىدەپ تۇراتتى. كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئۇنىڭغا ئاشۇ يۇلتۇزنى تونۇۋېلىشنى، ئېزىپ قالغان چاغلاردا ئاشۇ يۇلتۇزنى ئەگىشىپ ماڭسا، ئۆيىنى تېپىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

دەريا ئاشۇ يۇلتۇز تەرەپتە، دەريا ئاشۇ تەرەپتە. . دەپلا ئويلايتتى ۋە شۇ ھامان ئاكىسىنى ئەسلەيتتى.

. . . بىچارە ئاكام شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتىدىكىن، ئۇخلاۋاتامدىكىن ياكى تامغا قاراپ ئولتۇرامدىكىن. ئەگەر ئويغاق بولسا مېنى ئويلاۋاتامدىكىن، مېنى كۈتۈپ ئولتۇرامدىكىن. . . ؟ شۇنداق، ئۇ كېچە - كۈندۈز مېنىڭ يولۇمغا قارايدۇ. ئۇ مېنىڭ ھامان قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى، ھايات قايتىپ كېلەلمىسەم، روھىمنىڭ قايتىپ كېلىدىغىنىنى بىلىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ مېنى چۈشىدە كۆرۈۋاتىدىغاندۇ، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيۇپ بولغاندۇ. . . ئاھ، ئاكا، دىدارىڭنى كۆرسەم، كىچىك ۋاقتىلىرىمدا مۈرەڭگە بېشىمنى قويۇپ ئولتۇرغاندەك، يېنىڭدا ئولتۇرسام، ساڭا ئىچىمدىكى تۈگىمەس گەپلىرىمنى ئېيتىپ بەرسەم، كېچە - كۈندۈز خىزمىتىڭدە بولۇپ قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولسام. . .

تورۇق ئات شامالغا، ئوتقا ئوخشايتتى، ياق، ئۇنىڭ ئۇچۇشىنى بىر نەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى. بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك ئات بار دېسە، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئارغىماق ئېتى تەڭ كېلىشى مۇمكىن ئىدى، باشقا ئاتلار چاڭ - توزاندا قالاتتى.

ئۇدۇل تەرەپتىن نەم ھىدى كېلىشكە باشلىدى. تورۇق ئات ھەدەپ بېشىنى ئالدىغا سوزۇپ، بۇرۇنلىرىنى كۆپتۈرۈپ نەم ھاۋانى ئىچىگە سۈمۈرەتتى - دە، بېشىنى تىككىدە تۇتقىنىچە چېپىپ كېتەتتى. مەختۇمسۇلا قۇلاق تۈۋىدە ھۇشقىتىپ تۇرغان شامالنىڭ ئاۋازىدىنمۇ كۈچلۈك، بوغۇق گۈرۈلدەشنى ئاڭلىغاندا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئاۋازىدەك، ئۆزى يۈزىنى كۆرەلمىگەن ئانىسىنىڭ ئەللەيلىشىدەك ئاڭلىناتتى. ئۈچ يىلدىن بۇيان بۇ ئاۋازغا شۇ قەدەر تەشنا بولغانىدى! ئۇنىڭ

كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ ئالدى تەرەپكە كۆزلىرى تالغىچە قاراپ ئاقۇش تۇمان ئىچىدە ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان ئانا دەرياسىنى كۆردى. خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ھاياجاندىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى.

خۇددى شۇ پەيتتە يىراقتا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان بىر توپ ئاتلىق چۇقان - سۈرەن بىلەن مەختۇمسۇلا تەرەپكە چېپىپ كېلىشكە باشلىدى. مەختۇمسۇلا چۆچۈپ كەينىگە بىر قارىدى - دە، ئېتىنى قامچىلىدى، ئات دەريا تەرەپكە قاراپ ئۇچتى. دەريا بويىدىكى چاتقاللار شالاڭ كۆرۈنەتتى. كەڭ ۋە ئۇلۇغ سۇ دەريا قىنىغا پاتماي شىددەت بىلەن ئېقىۋاتاتتى. نېرىقى قىرغاقتىكى يوغان دەرەخلەر بۇ تەرەپتىن قارىغاندا خۇددى كىچىك - كىچىك كۆچەتلەردەك كۆرۈنەتتى. مەختۇمسۇلا دەريا بويلاپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تەقەززالىق بىلەن دەرياغا سەپسېلىپ، تېيىزرەك يېرىنى تېپىشقا ئالدىرايتتى. قوغلاپ كەلگەنلەر بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاشقا باشلىدى. يەر - جاھان ئاقۇش پەردە ئىچىگە يوشۇرۇندى. بەش قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى ئاران ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. مەختۇمسۇلا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى، موڭغۇللارنىڭ ۋارقىراشقانلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

دەريا سۈيى شىددەت بىلەن تورۇلۇپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى شۇ قەدەر تېز، سۈيى شۇ قەدەر ئۇلۇغ، گويا ھەر قانداق نەرسىنى يالماپ يۇتۇپ ئېقىپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. مەختۇمسۇلا ئېتىنى چاپتۇرۇپ موڭغۇللارنى خېلىلا ئارقىغا تاشلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. مەختۇمسۇلا ئەندىشە ئىچىدە ھېلى دەرياغا، ھېلى يورۇپ، كېلىۋاتقان ئاسمانغا قارايتتى.

ئۇ ئەمدى دەريا بويلاپ چېپىپ يۈرەلمەيدۇ، تورۇق ئات ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ھامان بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، موڭغۇللار ئۇنى بىردەمدىلا تۇتۇۋالىدۇ. ئۇنىڭغا دەريانى كېچىپ ئۆتۈشتىن باشقا يول يوق، بىراق ئات بەرداشلىق بېرەلەرمىكىن . . . ؟

شۇ پەيتتە ئالدى تەرەپتىن يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىنلا قويۇق تۇمان ئىچىدىن ھايت - ھۇيتلاپ ئىككى ئاتلىق چىقىپ كەلدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئاشۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆزلىرى بۆركۈتنىڭ چاڭگىلىدىكى چاشقىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش خىرەلەشتى. قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن پۇت - قوللىرى تىترىدى. خۇددى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئېرىنىڭ: «قايسىڭ قاچۇرۇۋەتسەڭ جېنىڭغا ئاگاھ بولۇش!»، «تىرىك تۇتىمىز، تىرىك . . . !» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كۈچلۈك غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكتىن لەرزىگە كەلدى. گويا غايىبانە بىر كۈچ مەدەت بېرىۋاتقاندەك شىجائەتكە تولدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى ئاتنىڭ قورسىقىغا تىرەپ، ئاتنىڭ ئىسسىق بويىنىنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە ئاتنى دەرياغا قاراپ ھەيدىدى. دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشكەن موڭغۇللار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ قاراپ قېلىشتى.

- سادىغاڭ كېتەي تورۇق ئېتىم، باتۇر ئېتىم، گۈزەل ئېتىم، ئىككىمىزنىڭ جېنى سېنىڭ مەزمۇت پۇتلىرىڭغا باغلاندى. مۇدۇرۇپ، تېيىلىپ كەتمىگىن، ھەممە كۈچ - قۇدرىتىڭنى، كارامىتىڭنى ئىشقا سال، ئىككىمىز قىرغاققا ئامان - ئېسەن يېتىۋالايلى، ئاڭلاۋاتامسەن، تورۇق ئېتىم. . .

مەختۇمسۇلا توختىماي پىچىرلاپ، ئاتقا بارغانسېرى چاڭ يېپىشاتتى. سۇ بىردەمدىلا ئاتنىڭ قورسىقىغا كەلدى، بارا - بارا چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. مەختۇمسۇلا ئاتنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى، تىترەك ئۇنىڭ بەدىنىگىمۇ ئۆتتى. ئۇ توختىماي:

- تورۇق ئېتىم، باتۇر ئېتىم، گۈزەل ئېتىم. . . دەپ تەكرارلاۋەردى. ئۇنىڭغا ئات گويا ھەممە گېپىنى چۈشىنىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

موڭغۇللار قىرغاقتا توپلىشىۋېلىپ ھەدەپ ۋارقىرىشاتتى. مەختۇمسۇلا دەسلەپتە ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلالمىدى. كېيىن بىردىنلا تېنى جۇغۇلداپ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى. بۇ چاغدا تۇمان خېلىلا شالاڭلاپ قالغانىدى، يەر - جاھان خىرە - شىرە يورۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئېرىنىڭ قولىدا قانداقتۇ بىر نەرسىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردى.

- مەختۇمسۇلا، كەينىڭگە قايت! شۇ تاپتا ئىككى بالاڭ قولۇمدا. كەينىڭگە قايتمىساڭ، بالىلىرىڭنى دەرياغا تاشلايمەن!

بۇ ئېرىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە گۇۋاھلىق بەرگەندەك قىرغاق تەرەپتىن ئوغۇللىرىنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى كەلدى.

ئاھ خۇدا، لەنىتى قانخور راستىنلا دېگىنىنى قىلارمۇ؟! راستىنلا ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى دەرياغا تاشلاپ بېلىقلارغا يەم قىلىۋېتەرمۇ؟

مەختۇمسۇلا تورۇق ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى بالىلىرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئىككى كۆكسى چىڭقىلىپ ئاپئاق سۈتى مەيدىسىگە ئاقماقتا ئىدى.

مەختۇمسۇلانىڭ ئىككىلىنىپ قالغىنىنى كۆرگەن شاھزادە تېخىمۇ كۈچەپ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىدى:

- قايتىپ كەل، مەختۇمسۇلا قايتىپ كەلسەڭ كەڭچىلىك قىلىمەن، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن...!

مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى ئىچىدە چىرايلىق قەپەزگە ئوخشايدىغان چېدىرىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە تارتقان خورلۇقلىرىنى، شاھزادىنىڭ يىرگىنىشلىك تېنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ئاتنى دېۋىتتى. ئات دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ كەتتى.

- مەختۇمسۇلا! كېلىپ بالاڭنى تۇتۇۋال!

مەختۇمسۇلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئېرىنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان قولىدا يىغلاۋاتقان چوڭ ئوغلىنى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قولىدىن ئايرىلىپ بىر كاللەك چالمىدەك شىددەتلىك ئېقىنغا چۆكۈپ كەتكىنىنى كۆردى.

ئۇنىڭغا يەر، ئاسمان ۋە دولقۇنلۇق دەريا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزى ئوغلى بىلەن بىللە يەرنىڭ قەرىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

ئۇ بىھوشلۇق ئىچىدە ئېرىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىدى:

- مەختۇمسۇلا! دۇنيادا سەندەك باغرى تاش ئانا بارمىدۇ؟ چوڭ ئوغلۇڭغا تارتىشمىدىڭ، ئەمدى كىچىككىنىغۇ تارتىشارسەن؟ كەينىڭگە قايت، يالغۇز ئوغلۇڭنى ئۆزۈڭ باق...!

مەختۇمسۇلا دەريا سۈيىنىڭ ئاتنىڭ بويىنىغا چىققىنىنى، ئۆزىنىڭمۇ بويىنىغىچە مۇزدەك سۇ ئىچىدە قالغىنىنى، جۇۋىسى بىلەن رومىلىنىڭ ئېقىپ كەتكىنىنى سەزمىدى. ئاتنىڭ نەچچە مۇدۇرۇپ كېتىپ ئېقىپ كەتكىلى تاس - تاس قالغىنىنى سەزمىدى. ئۇ پەقەت ئېرىنىڭ قەھىرلىك ئاۋازىنى، كىچىك ئوغلىنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتكۈدەك يىغىسىنى، خۇددى دەرياغا يوغان تاش چۆككەندەك «چولتۇك» قىلىپ چۆكۈپ كەتكىنىنى، يىغلاش ئۈچۈن يوغان ئاچقان ئاغزىغا سۇ قاپلىشىپ كىرگەندە «ھىق» قىلىپ بوغۇلۇپ قالغىنىنى ئاڭلىدى ھەم كۆردى. راست، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئاندىن يەنە بىرسى تېپىلارمۇ؟! ئۇنداق ئانا بۇ دۇنيادا ياشاشقا لايىقمىدۇ؟!

تورۇق ئات لوڭگىدە دەريانىڭ تېيىز يېرىگە چىقىپ قالدى. ئاتنىڭ ھەم ئاتقا مەھكەم يېپىشىۋالغان مەختۇمسۇلانىڭ ھەممە يېرىدىن سۇ ئېقىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستى - بېشىدىن ئېقىۋاتقان سۇ تامچىلىرى سەھەر قۇياشىدا مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

تورۇق ئات قىرغاققا چىقىپ توختاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن، كۆركەم پاچاقلىرى ھېلىھەم تىترەۋاتاتتى، مەختۇمسۇلامۇ تىترەۋاتاتتى، ئۇنىڭ چۇۋۇلغان ھۆل چاچلىرى يۈز - كۆزىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ دەرياغا قاراپ ماڭدى، تىزىغىچە سۇ كېچىپ تۇرۇپ مەڭگۈ نەگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك تېز ئاقىدىغان دەريا سۈيىگە تىكىلىپ قالدى. سەھەر قۇياشى سۇ يۈزىنى قاندەك قىزارتقانىدى. ئۇ نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك، نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك قان رەڭگىدىكى دولقۇنلارغا ئۇزاق قارىدى. ئۇ كۈتكەن نەرسىنى كۆرەلمىدى، دولقۇنلار ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دەپ بېرەلمىدى. ئۆتكەن كۈنلەرنى، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەممە نەرسىسىنى دولقۇنلار ئەنە شۇنداق ئېلىپ كەتتى.


نېرىقى قاتتا مەختۇمسۇلاغا قاراپ تۇرۇشقان موڭغۇللار ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇ يەر خۇددى ئەزەلدىن ھېچكىم تۇرمىغاندەك، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، جىمجىت، ئىنسى - جىنسىز بولۇپ قالدى.

ئۇ قىرغاققا چىقىپ تورۇق ئاتقا سەكرەپ مىندى. كۆز ئالدىدا سۈس ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چەكسىز مۇنبەت زېمىن يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ دىمىقىغا بىنەمىنىڭ، ئالما چېچەكلىرىنىڭ ھىدى، ئەتىگەنلىك چايغا يېقىلغان ئوتنىڭ ئىسى ئۇرۇلدى. ئۇ كۆكسىنى كېرىپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى، شۇ ھامان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى...

ئۇ، ئېتىنى قامچىلاپ يېشىللىق قوينىدا ئاققان يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ كەتتى. M1



# بىزدىكى ھازا ناخشىلىرى قىزغىنلىقى ۋە ئانا ئوبرازى



**باغراش**

يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان تېلېۋىزىيە ئېكرانىمىزدا، سەھنىلىرىمىزدە، رادىئو - ئۈنئالغۇلىرىمىزدا، توي - تۆكۈن ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىمىزدا، ھەتتا چوڭ كوچا، قايناق بازارلىرىمىزدا، ئاشپۇزۇل - دۇكانلىرىمىزدا ئەتىدىن - كەچكىچە ھازا ناخشىسى ياڭرايدىغان بىر خىل غەلىتە ئەھۋال ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ھازا ناخشىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تېخى زامانغا لايىق تاماشىبىنلىق شەرتىنى ھازىرلاپ بولالمىغان، تولىمۇ ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بىر قىسىم «كۆڭلى يۇمشاق» كىشىلىرىمىزنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكىنى ئۈچۈن جەمئىيەتكە ناھايىتى تېزلا ئومۇملىشىپ كەتتى. ھازىر بىزدە تۇرۇپلا «ھازا ناخشىسى قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئەتە - ئۆگۈن



سەھنە، تېلېۋىزورلىرىمىزدا، بىر چەتتە بىرسى سەكراتتا جان بېرىۋاتقان، ئۇنىڭ بېشىدا بىر توپ ئادەم «ئاللا - تووۋا» دەپ چۇقان سېلىپ يىغا - زارە قىلىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتە بولسا، نېمە سەۋەبتىندۇر مەرھۇمغا ھايات ۋاقتىدا بەرمىگەن ياكى بېرىپ بولالمىغان قوي - قوزىلىرىنى ھەيدەپ، قاپاقتا «زەمزەم سۈيى» نى قاچىلاپ، ئالدىغا قەنت - ناۋات، ئالما - ئانارنى دۆۋىلەپ قويۇپ پۇشايمان ۋە نادامەتتە چۇقان سېلىپ بوزلاپ ئولتۇرغان ساقاللىق ئوغۇل «پەرزەنت» لەر بىلەن نەۋرە كۆرگەن قىز پەرزەنتلەرنىمۇ پات - پات كۆرۈپ تۇرىدىغان ئوخشايمىز.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ھازا ناخشىلىرىنى ئورۇندىغۇچىلارنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغدىكى ھەسرىتىگە كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ، ھازا تۇسى ۋە مۇسىبەت پۇرىقى تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ «كۆڭلى يېرىم، دىلى ئۈزۈك» تاماشىبىنلارنىمۇ بۇقۇلدىتىپ يىغلاتماقتا.

مانا بۇ، ھازىر ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىۋاتقان «ئاتا»، «ئانا» تېمىسىدىكى ناخشىلاردۇر!

مۇسۇلمان - ئۇيغۇر ئۈچۈن بارلىق ھەمدۇسانا ۋەمەدھىيىلەر ئالدى بىلەن ئاللاغا، ئۇنىڭدىن قالسىلا ئاللانىڭ بىزنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىشىغا ۋاستە بولغۇچى ھەمدە بىزنى قىزىل قۇرت چېغىمىزدىن باشلاپ ئادەملىك بالاغىتىگە يەتكىچە ئاق سۈتى ۋە بىھېساب ئەجرىسى بىلەن باققان، چوڭ قىلغان، تەربىيىلىگەن، قاتارغا قوشقان ئاتا بىلەن ئانىغا مەنسۇپ.

قارا ئۆپكە مۇناپىقلا بولمىسا، ئاتا - ئانىسىنى سۆيمەيدىغان، ئۇلۇغلىمايدىغان ئىنسان يوق. مەيلى خرىستىئان، مەيلى كاتولىك، مەيلى بۇددا، مەيلى يەھۇدىي دىنىي تائىپىسى بولسۇن جىمى ئىنسان خۇددى مۇسۇلمانلاردەك، خۇددى ئۇيغۇرلا- ردەك ۋە بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئاتا - ئانىسىنى مۇقەددەس بىلىدۇ.

ئاتا - ئانىمىزنىڭ بىزگە قىلغان ئەجرىنى، بىز ئۈچۈن چەككەن جاپا ۋە مۇشەققىتىنى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەسلىكىنى ئۆمۈر بويى كۈيلەپمۇ كۈيلەپ بولالمايمىز، يېزىپمۇ يېزىپ بولالمايمىز، سۆزلەپمۇ سۆزلەپ بولالمايمىز. ھەممىگە ئورتاق بولغان ئەقەللىي ھەقىقەت شۇكى، بىر پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ تۇپ ئەخلاقى ۋە ئادىمىيلىك سۈپىتىنىڭ بىر بەلگىسىدۇر.

بۇ تولىمۇ ئاددىي لېكىن بەكمۇ ئۇلۇغ ۋە جىمى ئىنسان پۇشتىغا ئورتاق ھەقىقەتتۇر.

ئاتا - ئانىنى ھەر دائىم ياد ئەتمەك، ئۇلارنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي، ئىزىنى يوقاتماي، نامىنى ئۇنتۇماي، ۋەسىيەت ۋە ئارزۇسىنى توپا باستۇرماي، ئۇلارغا بولغان مۇھەببەت، ئەقىدە، سېغىنچىنى ھەر دائىم ئىش يۈزىدە ئىپادە قىلىپ تۇرماق ھەر بىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولماس ۋە پەخىرلىك قەرزىمىزدۇر. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بۇيان ئاتا - ئانىسىنى ئالاھىدە ئۇلۇغلايدىغانلىقى، ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، بۇ بىزنىڭ پاك دىنىي پەزىلىتىمىز ۋە تەركىسىز مىللىي ئەخلاقىمىزدۇر.

ھازىر بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان «ئاتا» ۋە «ئانا» تېمىسىدىكى ناخشىلارنىڭ ئىجادىيەت ئېنېرگىيىسى دەل مۇشۇ ئەخلاقىمىزنىڭ دەۋىتىدۇر.

سەنئەتتە «ئاتا» ۋە «ئانا» تېمىسى خۇددى مۇھەببەت ۋە ئۆلۈمگە ئوخشاش ئەبەدىي - مەڭگۈلۈك تېمىدۇر. ئۇ ئىجادىيەتكە بەدىئىي تەپەككۇر، تەسەۋۋۇرغا قانات ۋە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. شۇڭىمۇ «ئاتا» ۋە «ئانا» ھەققىدە ئەسەر يازمايدىغان بىرەر شائىر، بىرەر يازغۇچى ۋە ياكى بۇنداق يازغۇچىسى يوق بىرەر مىللەت بولغان ئەمەس ۋە مەڭگۈ بولمايدۇ.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىدا «ئاتا»، «ئانا» تېمىسىدىكى سەنئەت ئەسەرلىرى مەيلى شېئىر، مەيلى ھېكايە، قىسسە، رومان ھەمدە ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا بولمىسۇن مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، مەركەزگە تارتىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، تارىخ بىلەن رېئاللىقنى، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى بىر - بىرىگە باغلاپ تارىخىي ئۈزۈكچىلىكتىن ساقلىنىشتا زۆرۈر ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تارىخىي

ئۇنتۇلغان، ئەجداد بىلەن ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈكچىلىك پەيدا بولغان مىللەت يوقىلىۋاتقان مىللەتتۇر. مىللىي ئەدەبىيات ۋە مىللىي سەنئەت ئۆزىنىڭ رولى ۋە فۇنكسىيىسى ئارقىلىق بۇنداق ئىجتىمائىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسىدىن ھەرگىزمۇ ۋە ھېچقاچان باش تارتالمايدۇ ۋە تارتماسلىقى كېرەك. لېكىن، بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ھەممىلا ئادەم ئەتىدىن كەچكىچە «ۋاي ئاتام» ، «ۋاي ئانام» دەپ بوزلاپ يىغلاپ ئولتۇرىدىغان بولسۇن دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بۇنداق ئىجتىمائىي ئاقىۋەتنى نىشان قىلغان ياكى قوغلاشقان سەنئەت قارشى ۋە ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ھەر قاندىقى خاتا ۋە بىمەنە بولۇپ، ئۇ سەنئەتنىڭ ئومۇرتقىسى بولغان ئېستېتىك قىممەتنى تۆۋەنلىتىپ ۋە بىر تەرەپلىمىلەشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھۇزۇرلاندۇرۇش، ئىلھام بېرىش، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش رولىنى بىر تىيىن قىلىپ، جەمئىيەتتە بىر خىل چۈشكۈن، زەئىپ، ئۈمىدسىز، بوشاڭ ھايات قارشىنى ۋە ھايات مۇناسىۋىتىنى يامرىتىۋېتىدۇ.

ھازىرقى بىزدە يامراپ كېتىۋاتقان «ئاتا» ، «ئانا» تېمىسىدىكى ناخشىلارنىڭ بارا ـ بارا تاماشىبىنلارنى ئىچ ـ ئىچىدىن بىزار قىلىۋاتقانلىقى ئادەملىرىمىزنىڭ دەل مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىندۇر.

ئەجدادىنى ئۇلۇغلاش، ئاتا ـ ئانىسىنى سۆيۈش جىمى ئىنسانغا ئورتاق بىر خىل ھېسسىيات. لېكىن، ھەر كۈنى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا «ۋاي ئاتام» ، «ۋاي ئانام» دەپ بولۇشىغىچە زارلىنىشلار پەقەت بىزدىلا بولسا كېرەك. بىزدىن باشقا ھېچقانداق مىللەتنىڭ سەنئەت سورۇنلىرىدىن بۇنداق غەيرىي، ئۆز ھال ھەتتا بىمەنىلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان «سەنئەت ھادىسىسى» نى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ سەنئىتى شۇ مىللەتنىڭ بىر روھىي خەزىنىسى ۋە تۆۋرۈكى بولۇشى سۈپىتى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى، مىللىي پسىخىكىسىنى، مىللىي غايىسىنى، مىللىي روھىي پەللىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان بىر روشەن ئەينەكتۇر. بىز بۇ ئەينەكتىن شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى ـ ئۇنىڭ نېمىلەردىن سۆيۈنىدىغان، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىدىغان، نېمىنى قوغلىشىدىغان، نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغان، نېمىلەرنى ئويلايدىغان. . . لىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىزكى، بۇنىڭغا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھ كەتمەيدۇ. بۇ بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي مىللىي ئىدىيىۋى ھالىتىنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، مىللىي سەنئەتتە ئىپادە قىلىنغان مىللىي روھ، مىللىي خاراكتېر، مىللىي پسىخىكا ۋە مىللىي غايە شۇ مىللەت سەنئىتىدە ئوتتۇرىغا تاشلانغان سەنئەت (ئىجادىيەت) تېمىسىدا ئەكس ئېتىدۇ. بىر مىللەت قانچىلىك پىشقانسېرى، قانچىلىك يېتىلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەنسېرى ئۇنىڭ مىللىي تۇرمۇشىدا يېتەكلەش رولىنى ئويناۋاتقان سەنئەت (ئىجادىيەت) تېمىلىرى شۇنچە يۈكسەكلىشىدۇ. بۇنداق مىللەتنىڭ سەنئىتىدە ئەكس ئەتكەن ئىدىيىۋىلىك ھەم چوڭقۇرلۇقتا، ھەم بۈيۈكلۈكتە، ھەم ئومۇمىيلىقتا، ھەم خاسلىقتا تەڭ قەدەم راۋاج تاپقان، ئۇنىڭدا يورۇتۇلغان تېمىنىڭ پەلسەپىۋىلىكى، ئىزدىنىشچانلىق خاراكتېرى شۇنچىلىك يارقىن، ئىجادىيەت تەپەككۇر يولى شۇنچە مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق، كۆپ تەرەپلىك، كۆپ يۆنىلىشلىك، ئىجادىيەت بەدىئىي پىكرى شۇنچە يېڭى، ئۆتكۈر ھەمدە غىدىقلاش، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە باي بولىدۇ.

شېكسپىر تراگېدىيىلىرىنىڭ ئەبەدىي ئۆلمەس ۋە بۈيۈك تراگېدىيە دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياۋروپا سەنئەت گۈللىنىشى دەۋرىدە تۇرغان ئەنگلىيىلىكلەر (ياكى ئېنگلىز مىللىتى) نىڭ مىللىي خاراكتېرى پىشىۋاتقان، يېتىلىۋاتقان، مىللىي ئىدېئولوگىيىسى مۇكەممەللىشىۋاتقان، ھايات قاراشلىرى پەلسەپەلىشىۋاتقان بىر تارىخىي ھالىتىنى دۇنياغا يۈكسەك ماھارەتتە نامايان قىلىپ بەرگەنلىكىدىندۇر. بىز ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ناھايىتى تېزلا يامراپ كېتىۋاتقان «ھازا ناخشىلىرى» دىن

(ئەگەر ناخشا دېيىش توغرا كەلسە)، ئۇ ناخشىلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىمەززە، تايىنى يوق، پاخاللاشقان پارچە - پۇرات «پىكىر»لەردىن، بالىلارچە يەڭگىلتەك، تۇتۇرۇقسىز، سۇيۇق ھېسسىياتلاردىن ئۆزىمىزنىڭ تېخى پىشمىغان، خام، ئەقلىي مۇكەممەللىكتىن يىراق بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى ئەمدىلىكتە خىجالەتچىلىك ۋە ئېچىنىش ئىچىدە بايقىماقتىمىز!

ھازىر بىزدە مودا بولىۋاتقان «ئاتا»، «ئانا» تېمىسىدىكى (بولۇپمۇ ئانا تېمىسىدىكى) «ھازا ناخشىلىرى» مەيلى بەدىئىي نۇقتىدىن، مەيلى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن بولسۇن ھېچقانداق لەززەت ۋە ئەقىل بېرەلمىگەننىڭ ئۈستىگە قىپيالىڭاچ ھالدا «ۋاي ئاتامەي»، «ۋاي ئانامەي» دەپ يالغان ھازا ئاچقاندىن، ئۆلگىچە ئاتا - ئانىسىغا تايىنىپ ياشاشنى، تىرىكتاپلىقنى، ئاشقىپىلىقنى تەشەببۇس قىلغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس! بۇنداق ناخشىلاردا ئالغا سۈرۈلگەن «پىكىر»لەر قىلچىمۇ تارىخىي ياكى رېئال ۋە غايىۋى تۈس ئالمىغان بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىزدەنگۈچى، قۇرغۇچى ۋە ياراتقۇچى رولىنى ئويناۋاتقان مۇنەۋۋەر ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىغا، ئۇلار قوغلىشىۋاتقان ھازىرقى زامان ھايات قاراشلىرىغا ھەرگىزمۇ ياندىشمايدۇ. ئەكسىچە مىللەتنىڭ كۆڭلىنى ئېزىپ، روھىنى سۇندۇرۇپ، جەڭگىۋارلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇمكى، ماكسىم گوركىي دۇنياغا مەشھۇر «ئانا» رومانىدا، ھەم كائىناتچە ئانا كۆڭلىگە، ھەم يېنىۋاتقان ئورماندەك يالقۇنلۇق ئانا مۇھەببىتىگە ئىگە، شۇنداقلا مۇھتاجلىق - نامراتلىق، زۇلۇم - مۇشەققەت دەستىدىن قەددى مۈكچىيىپ، تۇمشۇقى يەر تىرەپ قالسىمۇ، ئاشۇ بار بىساتى بولغان ئەسكى ياغلىق، يىرتىق كۆڭلەككە يۆگەلگەن ھالدا پۈتكۈل رۇسىيىنىڭ، پۈتكۈل رۇس مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى، ھەتتا پۈتكۈل بىر دەۋرنى پەيلاسوپلارچە كۆزىتىۋاتقان، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ، دەۋرنىڭ تومۇرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تۇتۇپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى تېپىۋاتقان بىر دانىشمەن، ئاقىل، پەيلاسوپ ئانىنىڭ - ئوغلىنىڭ يالقۇنلۇق ئىدىيىسىدە پىكرى تېخىمۇ ئېچىلىپ، يېڭى بىر ئۇپۇقنى بايقىغان ۋە ئۆز ئوغلىنىڭلا ئەمەس بەلكى ئاشۇ ئۇپۇققا قاراپ قان كېچىپ كېتىۋاتقان رۇس مىللىتىنىڭ مىليونلىغان ئوغلانلىرىغا ئانا بولۇشنى، ئۇلارنىڭ تېنىنى ئۆزىنىڭ ئانىلىق يۈرىكى بىلەن ھىمايە قىلىشنى ئىستىگەن ۋە شۇ كۈرەشچىلەرنىڭ سېپىدە قېنىنى تۆكۈپ قىپقىزىل قان ئىچىگە يىقىلغان بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.

بۇ يەردىكى ئانا، پۈتكۈل رۇس مىللىتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، روھىي ھەيكىلى، پۈتكۈل رۇس ئىدېئولوگىيىسىنىڭ، مىللىي خاراكتېرىنىڭ يىقىلماس ۋە ئۆپرىماس ئابىدىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

بىز دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان بولمىش ئانىجانلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى زادى قانچىلىك يارىتالىدۇق؟

ھازىر بىزدىكى كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان «ئاتا»، «ئانا» تېمىسىدىكى «ھازا ناخشىلىرى» دا يارىتىلغان «ئانا» ئوبرازىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، بىزدىكى ئانىلار ئوبرازى «زەمزەم ئىچەلمىگەن»، «قىزىق چاي ئىچەلمىگەن»، «ئۈچىسىنى تويغۇزالمىغان»، بالىسىنى «ئاق سۈت بېرىپ باققان» (باشقىلارنىڭ ئانىسى خۇددى ئاق سۈت بەرمەي، قارا سۈت بېرىپ باقىدىغاندەك!)، «كېچىلىرى ئۇخلىماي بۆشۈك تەۋرىتىپ چىققان»، ئۆمۈرۋايەت قولىنى ماغزاپقا چىلاپ 50 - 60 ياشلىق پەرزەنتلىرىنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بولالماي ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالغان قىلىپ يارىتىلغان. يەنە كېلىپ بەزىلىرى تېخى بۇ دۇنيادا ھايات ئانىسىنىڭ ئالدىدا «سەن ئۆلسەڭ قانداق قىلارمەن؟» دەپ تىرىكلەرگە ھازا ئاچىدۇ! بۇنداق تىرىكتاپ پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىدىن ئالجىغاندەك تېتىقسىز پەريادلىرىنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا زەردىسى قايناپ: «قانداق قىلاتتىڭ ئاداش، سەنمۇ بېرىپ ئۆلە!» دېگۈسى كېلىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنچە ياشقا كىرگىچە ئانىسى بېشىنى سىلاپ، ئىشتان - كۆڭلىكىنى تىكىپ، يۇيۇپ، ياماپ بەرمىسە ياشىيالمايدىغان بۇنداق لەقۋا، قولىدىن ئىش كەلمەس، تەييارغا ھەييار، ئانىسىنى قول ئورنىدا كۆرىدىغان، ئاقنانچى، تىرىكتاپ «پەرزەنتلەر» نىڭ بارىدىن

يوقى خوپ ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئۇلار ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنىڭسىزمۇ ھالسىراپ دېمىنى ئالالمايۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بىر تاغار خام گۆش، بىر ئېشەك يۈك بولۇپ بېرىدۇ، خالاس!

خوش، ئەمدى بىز ياراتقان تارىختىكى ئانىمىزنىڭ ئوبرازىچۇ؟

ئانا دىيارىمىز تەكلىماكان قۇملۇقىدىن 4000 يىللىق بىر قەدىمىي جەسەت قېزىۋېلىندى. كېيىن بۇ جەسەت ياپونىيىگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق ئەسلىدىكى ئىنتايىن گۈزەل ھۆسن - جامالى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭغا «كىرورەن گۈزىلى» دەپ نام بېرىلىپ، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى زىلزىلىگە سالدى. خەلقىمىزمۇ ئۆزىنىڭ قەدىم تارىخى ۋە ئەجدادلىرىمىز ياراتقان «ئۇيغۇر تارىم مەدەنىيىتى» دىن قالتىس پەخىرلەندى. لېكىن بەزى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە «كىرورەن گۈزىلى» دىن ئىبارەت بۈيۈك تېما مۇھەببەت تېمسالىدا تەسۋىرلەندى. ئۇنىڭ قاش - كۆزلىرى، چاچلىرى، زىبا قامىتى يالقۇنلۇق ئىشقى سۆيەتلەر بىلەن سۈرەتلەندى. ئەمما بىر قىرغىز ئاپتورنىڭ «كىرورەن گۈزىلى مېنىڭ ئانام» دېگەن شېئىرىدا بولسا، «كىرورەن گۈزىلى قىرغىزلارنىڭ ئانىسى» دەپ سۈرەتلەندى ۋە ئۇلۇغلاندى.

مېنىڭ قارىشىمچە، «كىرورەن گۈزىلى» دەپ ئاتالغان بۇ قەدىمىي جەسەتنىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئاجايىپ بىر گۈزەل ئايال بولغانلىقىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى تۆرەلگەن، ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى - تېگى ئانا زېمىنى بولمىش تەكلىماكان (ئەسلىدىكى ئۇيغۇر كىرورەن دۆلىتى زېمىنى) دىن چىققانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ مۇقىملاشقان ئانتروپولوگىيىلىك تەۋەلىكىنىڭ شەك - شۈبھىسىز ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدە، شۇنداقلا ئۇ جەسەت بىلەن بىللە بۇغداي، كاكچانان، مىس كۆرگۈ، كاۋاپ، رەڭلىك يۇڭ پالاز، رەڭلىك يۇڭ رەختتىن شۇ قەدەر سىپتا قىلىپ تىكىلگەن چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەر چىققانلىقى، ئۇ ئايالنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆزلىرىگە سۈرمە، لەۋلىرىگە لەۋ بويىقى سۈرتۈلۈپ، ئۇپا - ئەڭلىك بىلەن گىرىم قىلىنغانلىقى. . . قاتارلىق يۈكسەك مەدەنىيەت ئىزناسىدا، مۇھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ ئەسلى ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پولاتتەك پاكىت ئىكەنلىكى - دە! ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىلا مۇشۇ زېمىندا، ئاشۇنداق يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىپ ياشاپ كەلگەن بىر مىللەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقىدا!

لېكىن، بىزنىڭ بەزى ئۇيغۇر ھەۋەسكارلىرىمىز بۇ نۇقتىغا سەل قاراپ ئادەتلەنگەن ئېگى بويىچە مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك مىسالىدا يەڭگىلتەكلىك بىلەن قەلەم تارتقىنى ئۈچۈن «كىرورەن گۈزىلى» نىڭ جىددىي ۋە كۈچلۈك جەزىبىدارلىق قىممىتى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلىپ، بۇ تېمىنىڭ شەرىپى خىرەلەشتى. ھالبۇكى «كىرورەن گۈزىلى» ئۇيغۇرنىڭ ئانىسى، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئانىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى، ئۇيغۇر روھىنىڭ ئانىسى ئىدى. بۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغلۇقى يالقۇنلۇق بالا - پەرزەنت مۇھەببىتى، ئەۋلاد - بوغۇن مۇھەببىتىدە كۆيلىنىشى، ئۇلۇغلىنىشى، مەدھىيىلىنىشى، ماختىلىشى كېرەك ئىدىكى، قانداقتۇر بىر گۈزەل مەشۇق، قانداقتۇر بىر گۈزەل خوتۇن ئورنىغا چۈشۈرۈلۈپ قويۇلۇپ يەڭگىل، سۆيۈق، تۇتۇرۇقسىز مۇھەببەت تېمىسىدا كۆيلەنمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇنداق كۆيلەر بىزدە سامانىدەكقۇ؟ گۈزەل قىز - چوكانلار بىزدە تولۇپ يېتىپتىغۇ؟ لېكىن بىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت تارىخىمىزغا، مىللەت تارىخىمىزغا، زېمىن تارىخىمىزغا شاھىت بولىدىغان «كىرورەن گۈزىلى» پەقەت بىرلا - دە!

بۇ تېمىغا بېغىشلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاجىزلىقلارمۇ بىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى پىشمىغان، يېتىلمىگەن تەرەپلىرىمىزنىڭ، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تېمىلىرىمىزنىڭ تېخى پەلسەپىۋىلىشىش پەللىسىدىن خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنىڭ، بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ تېمىلارمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا بەزىدە ئادەتتىكى تۇرمۇش رېئالىزمى ئورنىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، خالاس.

ھېلىقى قىرغىز ئاپتورنىڭ تەپەككۇرى بىلەن بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىدىكى پەرقىنى قاراڭ؟!

«كىرورەن گۈزىلى» بىر گۈزەل قىز ياكى بىر گۈزەل خوتۇن سۈپىتىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئانىسى سۈپىتىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقىلغانلىقى بۇ تېمىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پەلسەپىۋىلەشتۈرۈلگەنلىكى، بۈيۈكلەشتۈرۈلگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئەلۋەتتە ئاجايىپ بىر ئىلغار تەپەككۇر دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمىز.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، مەيلى بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈپ كەتكەن ئانىلىرىمىز بولسۇن ياكى ھايات ياشاۋاتقان ئانىلىرىمىز بولمىسۇن ھەممە سىنىڭ ۋە ياكى مېنىڭ ئانام بولسۇن ھەممىسىلا ئىش يۈزىدە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئانىسىدۇر! ئۇ ئانىلىرىمىزنىڭ تۆھپىسى بىزنى «ئاق سۈت بېرىپ» ، «بېشىمىزنى سىلاپ» ، «كېچىلىرى ئۇخلىماي بۆشۈكىمىزنى تەۋرىتىپ» ، «يېمەي يېدۈرۈپ» ، «كىيمەي كىيدۈرۈپ» ، «قوللىرىنى ماغزاپقا چىلاپ» ، ئىشتان - كۆڭلىكىمىزنى يۇيۇپ بېرىپ باققانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى بىزگە گۈزەل ئانا تىل - ئۇيغۇر تىلىنى بىلدۈرۈپ، ئېسىل مىللىي ئەخلاق، ھەقىقىي ئىنسانىي غورۇر بىلەن تەربىيىلىگەنلىكىدە؛ ھالال بىلەن ھارامنى، ئۆز بىلەن ياتنى، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى، ئادالەت بىلەن ناھەقچىلىكنى پەرق ئېتىدىغان ئۆتكۈر نەزەر، ئەقىل - ئىدراك ۋە پاراسەت بەرگەنلىكى، ھاياتنى، زېمىننى، قەۋمنى سۆيۈشنى ئۆگەتكەنلىكى، بىزنى ھەر قانداق مۈشكۈل ئەھۋالدىمۇ قەتئىي ياشاش ئىرادىسى بىلەن ئەركەكتەك ياشايدىغان مۇستەھكەم ئىرادىلىك ئادەم قىلىپ ئۆستۈرگەنلىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاجايىپ ئېغىر تارىخىي قىسمەتلەر ئىچىدىن ساق - سالامەت ۋە بېجىرىم ھالدا مۇشۇ دەۋر، مۇشۇ ئەسىر ۋە مۇشۇ يىللارغا ئۇلاشتۇرغانلىقىدا؛ ئۇيغۇرنى ئاۋۇتۇپ، گۈللىتىپ، كۆچەيتىپ، يىلتىزى تىرەن، قۇۋۋەتلىك، شۆھرىتى زور مىللەت قىلىپ يېتىشتۈرگەنلىكىدە!

مېنىڭچە، بىزنىڭ «ئاتا» ، «ئانا» تېمىسىدا ناخشا يېزىشقا ھېرىسمەن ئاپتورلىرىمىز مۇشۇ مەزمۇن ۋە مۇشۇ پەلسەپۋى پەللىنى يادىدىن چىقىرىپ قويسا، ئۇ چاغدا «ئاتا» ۋە «ئانا» دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ تېما بەكمۇ چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ھەتتا دەپسەندە قىلىنغان بولىدۇ.

لېكىن، شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قاپلاپ كېتىۋاتقان «ئاتا» ، «ئانا» تېمىسىدىكى بولۇپمۇ «ئانا» تېمىسىدىكى ھازا تۈسى قويۇق بۇ ناخشىلاردا ئانىنىڭ ھەقىقىي مەنادىكى ئۇلۇغلۇقى، باللىرىدىن كۈتىدىغان گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى، پەرزەنتلەرنىڭ ئانىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق، ئىزىنى توپا باستۇرماسلىق، تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش، تەر تۆكۈش، يارىتىش ۋە يارىلىش ئىرادىسى تىلغا ئېلىنمايدۇ، ئەكسىچە، بوشاڭ، شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى تېخى يېتىلمىگەن، لايغەزەل، تىرىكتاپ، جېنى بوش، لەقۋا، ئەقلى ئاجىز، خاراكتېرى تولىمۇ يەڭگىل، مەۋقەلىرى سۇيۇق، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، مىجەزى تۇراقسىز ئادەملەرنىڭ داد - پەريادلىرى، ۋايساشلىرى، ئۆلۈمتۈكلەرچە قاقشاشلىرىنى بازارغا سالىدۇ.

بۇنداق ئۆلۈمتۈكلەرنىڭ ۋايجانلىشى، بوزلىشى، قاقشىشى - جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى يامرىتىپ، ئادەملىرىمىزدە روھىي ئۈزۈكچىلىك، مىسكىنلىك، غېرىبلىق، يېتىملىك، غەشلىك . . . تۇيغۇلىرىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تىنچ كۆڭلىنى مالىمان قىلىدۇ؛ ئۇلارنى ھەر دائىم مەيۇس، روھسىز، يىغلامسىراپلا يۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ھارام قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاران ئېرىشكەن ئارامىي چاغلىرىنى تېتىقسىزلاشتۇرىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت سورۇنلىرىنى ھازىخانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، خالاس.

شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارمۇ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاشلا 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتىدۇ. 21 - ئەسىر ئىلىم - پەن، ئۇچۇر، رىقابەت ئەسىرىدۇر. ئۆزىنى 21 - ئەسىرنىڭ تەلىپى بىلەن قايتا سەرەمجانلاشتۇرۇش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن شۇ تاپتا كىشىلەرگە ئىلھام، ئۈمىد، كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى، بۈگۈنى، ئەتىسى توغرىسىدا، ئەۋلادلىرىنىڭ ئەتىسى ۋە ئۇلارنى قانداق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرگەندە ئاندىن ئاشۇ رىقابەت ۋە كۈچ ئەسىرىدە شاللىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىدىغان، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئەقلىي گۈزەللىككە، سەنئەت تەپەككۇرىغا قاراپ يېتەكلەيدىغان، كىشىلەرگە خۇشاللىق، مەنىۋى ھوزۇر بېرىپ، ھارغان، چارچىغان، ئېزىلگەن قەلب ۋە تەنلىرىگە ئارام ھەم خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان، كىشىلەرنىڭ روھىنى پەرۋىش قىلىدىغان، كۆتۈرىدىغان، ئۇلارنى ھاياتنى، ئادەملەرنى، ئەجدادنى، ئەۋلادنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سۆيۈشكە، تولۇپ تاشقان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن يېڭى ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ناخشا - مۇزىكا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر كېرەككى، ھەرگىزمۇ يىغا - زار، «ئاللا - توۋا» ، «ۋايجان - ۋايىيەي» لەر بىلەن تولغان ھازا ناخشىلىرى كېرەك ئەمەس.



# تەبىئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز



داۋۇت ئوبۇلقاسىم

گېپنى ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپتە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىشتىن باشلىغىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىچە دوسكىغا ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكىسىدىكى بىر فورمۇلانى يازغان. ئەينى ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلار تەكرار قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ فورمۇلانى كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ: «ئۆچۈر ئۇ نېمەڭنى، ئاران قۇتۇلغاندا كۆزىمىزمۇ كۆرمىسۇن» دەپ ۋارقىراپ، مەزكۇر ئوقۇغۇچىغا فورمۇلانى ئۆچۈرتۈۋەتكەن. ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بۇ گېپنى ماڭا سۆزلەپ بېرىۋېتىپ: «ماتېماتىكىنى كۆرسەك، ھۆ قىلغۇمىز كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ» دەپ قوشۇپ قويدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئەدەبىياتچىلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ بىر قەدەر ئومۇملاشقان خاراكتېر بولۇپ قالدى.

بىز بۈگۈنكى دەۋرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا قۇلاق



سالايلى. «قەدىمكى گرېكلەرنىڭ رىۋايىتىدىكى مەشھۇر ئايال ئەقىل ئىلاھى يادىنىنا ئورمانلىقتىكى ئالىيانداغا شۇنداق دەيدۇ: ‹ئوقيارىڭنى قولۇڭغا ئال، قارىمۇ قارشى يۆنىلىشكە ئات. ئۇلار ئۇچۇپ، ئۆز ئارا ئۇچراشقان كۈنى دۇنيا ئاجايىپ بىر ماكانغا ئايلىنىدۇ.› بەلكىم پەن ۋە سەنئەت ئىنسانىيەت ئاتقان ئاشۇنداق بىر ئوقيا بولۇشى مۇمكىن. مەدەنىيەت گۈللىنىشى ھەرىكىتى ۋە يېقىنقى زامان تەجرىبىۋىلىك پەنلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىلەن ئۇلار پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە، كەڭ ماكان ۋە زامانلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، بۈگۈنگە كەلگەندە بىر نۇقتىدا ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ قالدى. ئاشۇ ئورۇندا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى بىر قىياپىتى ئوتتۇرىغا چىقتى». («20 - ئەسىر ئىلىم - پەن روھى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» (خەنزۇچە) دېگەن كىتابنىڭ 1 - بېتىگە قاراڭ.)

مانا بۇ كۆرۈنۈشكىلا ئادەمنى ئويلاندۇرۇدىغان بىر ئەھۋال. نېمىشقا ئەدەبىيات ماتېماتىكا بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۇنداق، دۇنيانىڭ نەزەرى مۇنداق بولىدۇ؟ ئويدانراق ئويلاپ باقساق، بىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلدۈرمەي شېئىر يېزىپ كەلگەن، ھەتتا «شېئىر مىللىتى» دەپ پەخىرلىنىپ يۈرگەن تۇرۇقلۇقمۇ مۇشۇ ساھەدە بولسىمۇ خەقلەر بىلەن تەڭ سەۋىيىلىك بولالمايمىز؟ نېمىشقا بىزدىن «100 يىل غېرىبلىق»، «قۇياش تېشى» غا ئوخشاش نادىر ئەسەرلەر چىقمايدۇ. بىزنىڭ كۈنىمىز خەق ئىجاد قىلىپ بەرسە، ئۇ يەردە ئۇنداق ئېقىم پەيدا بوپتۇ، بۇ يەردە مۇنداق ئېقىم پەيدا بوپتۇ، ئۇنى مۇنداق قىلساق بولغۇدەك، بۇنى ئۇنداق قىلساق بولغۇدەك دەپ قوبۇل قىلىشلا بولارمۇ؟ نېمىشقا ئۇلار ھەممە ساھەدىلا ئىجادچان، بىز ھەممە ساھەدىلا ئارقىدا بولىمىز؟!

بۇنىڭدىن 150 يىل ئىلگىرى غەرب دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ پەيلاسوپ گېگېل شۇنداق دېگەنىدى: «سەنئەت ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى سانائەت دەۋرىنىڭ روھى ئۇنى چوقۇم ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ.» (يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە قاراڭ) مانا، غەرب دۇنياسى ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئۇنداق قارىغان بىلەن، تەبىئىي پەنگە ئىنچىكە ھۆرمەت قىلىپ كەلدى. گېگېل دەۋرىدىن باشلاپ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن بۇ روھ 20 - ئەسىردە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايىش قىلدى. ئۇ پەقەت گېتلېرنىڭ قولىدا كارامەت ۋەيران قىلىش خاراكتېرىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربلىكلەر 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قاباھەتلىك پاجىئەلەردىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ «ياق، ئەقلىي دەۋر يىمىرىلسۇن» دەپ توۋلاشقا باشلىدى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك يېپيېڭى بىر قىياپەت ئوتتۇرىغا چىقتى. بىراق بىزچۇ؟ مەيلى ھازىر ياكى ئۆتمۈشتە بولسۇن ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھتىن زېرىكىشقۇ ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئاز - تولا چۇقانلىرىنىمۇ ئاڭلاپ باققىنىمىز يوق. ئەكسىچە، ئەزەلدىن تەبىئىي پەن روھىغا ئېتىبارسىز قارىلىۋاتقانلىقىنى، چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا نەزەرىمۇ چۈشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. بۇنىڭدا زادى ماھىيەتلىك سەۋەب بارمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاز - تولا تۈرتكە بولالامدۇ، قانداق؟

## I

ئېنىقكى، ھەر قانداق شەيئىي پەقەت ئادەم ئارقىلىقلار رول ئوينايدۇ. يەنى ئۇ ئالدى بىلەن ئىنسان سۇبيېكتىغا تەسىر قىلىپ، سۇبيېكتنىڭ فۇنكسىيىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما، ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى تارىخىي شارائىتى، ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئۇنىڭدىكى پەرقلەر ئىنسان سۇبيېكتىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا مۇجەسسەملىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر فۇنكسىيىنىڭ قانداق بولۇشى كۆپىنچە سۇبيېكتنىڭ قۇرۇلمىسىغا باغلىق بولىدۇ. مانا بۇ، ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشاش شارائىتتا بىر خىل ھادىسىگە ئوخشىمىغان پوزىتسىيىدە بولۇشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى دېڭىز سوقۇشىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيە گېنېراللىرى مەغلۇب بولغاندا تەسلىم بولۇشنى نورمال ئىش قارىغان بولسا، ياپونىيە گېنېراللىرى مەغلۇب بولغاندا تەسلىم بولۇشنى شەرمەندىچىلىك بىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تاللىۋالغان. مانا بۇ، ئوخشاش بىر ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ ئوخشاش بولمىغان سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشتىكى ئىنكاسى. دېمەك، سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىنسان پائالىيىتىدىكى رولى ئەنە ئاشۇنداق چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇ، شەخسنىڭ ئادەتتىكى پائالىيەتلىرىدىن تارتىپ، ئالىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغىچە ھەممىسىدە كۆپىنچە لەۋھول مەھپۇزغا ئوخشاپ كېتىدىغانراق رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشتىكى مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش ئۇنىڭغا سۇپەت جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنداقتا سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈش قانداق شەكىللىنىدۇ؟

ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا مەلۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىچىگە چۈشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەيدۇ. ئاندىن بۇنى مەركەز قىلغان ئاساستا ئۆز كەچۈرمىشى - يولۇققان مەسىلىلىرى، بىلگەن، ئاڭلىغان، ئويلىغانلىرى . . . قاتارلىقلار بىلەن سۇبيېكتىنى ئىستىخىيىسىز ۋە ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشىدە ناھايىتى زور ئوخشاشلىقلار بولىدۇ. ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي توپلار ئارىسىدا زور پەرقلەر ياتىدۇ. ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورتاقلىقى ئۇنىڭ ئەنئەنىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، يەنى مەزكۇر توپ ئۈچۈن ئورتاق بولغان تارىخىي كەچۈرمىش، ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىق، دىن، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئەخلاق ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىدىكى ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان ئەنئەنە مەزكۇر توپنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا چۆكۈپ قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە ئىلگىرىكى ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى بىكىپ كەتكەن ئامىللار شۇ پېتى كېيىنكىلەرگە مىراس بولۇپ قالىدۇ. بۇئادەتتە ئىستىخىيىسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، مەيلى سۇبيېكتنىڭ سىرتىدىكى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قېلىنىۋاتقان ئەنئەنە بولسۇن ياكى سۇبيېكتتىكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قېلىنىۋاتقان نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنى باغلاۋاتقان ھالقا بولۇپ، ئۇ، مىللەتنىڭ مۇقىملىقىنى، ئۆزلۈكىنى نامايان قىلىدۇ. مىللەت گەۋدىسىدىكى ھاياتىي كۈچنى ۋە ئاجىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، گەپنى يەنە باشتىكى سوئالغا يۆتكىسەك، خەق بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەرنىڭ بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب مانا مۇشۇ مىللەت سۇبيېكتىدە. چۈنكى ھەر قانداق ئادەم، مەيلى ئۇ قانچىلىك ئۇلۇغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ئۆزى ياشاۋاتقان مىللەتنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىنىڭ چەمبىرىدىن نېرىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. مەزكۇر توپتىكى مەدەنىيەتنىڭ، پىسخىك خاھىشنىڭ چەكلىمىسىدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدۇ. پەقەت كۆپىنچە ئۇنىڭدىكى ئەۋزەللىكتىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنالىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتىكى، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئالىملارنىڭ، شائىرلارنىڭ قابىلىيىتى مۇتلەق كۆپ ھاللاردا پەرقسىز، ئەمما ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ گەۋدىسىنىڭ تاكامۇللىشىشى پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى پەرقمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەنگە ئېيتايلى، نيۇتون ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىنىڭ ئارىستوتېلنىڭكىگە قارىغاندا مۇكەممەل بولۇشىدىكى سەۋەب، نيۇتوننىڭ ئارىستوتېلدىن قابىلىيەتلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئىككىسىنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسى ئىككى دەۋرگە ماس بولغانلىقىدىندۇر.

يېقىنقى يىللاردا ئەدەبىيات ساھەمىزدە يېزىش ئىقتىدارىمىز ۋە ئۇسلۇبىمىزدىن گۇمانلىنىش خاھىشى كېلىپ چىقتى. بىز باشقىلاردەك يازالمايدىكەنمىز، دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ ياشلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. گەرچە بۇ خاھىش بىزدە قايتا ئويلىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، ■ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر خىل يۈزەكىلىك، دۇنياۋى سەۋىيىگە بولغان تەلپۈنۈشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرمەي ئىپادىلىنىشىدۇر. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلار يارىتىۋاتقان ئەدەبىيات تۈپ نېگىزىدىن ئايرىلغان مىللىي خاسلىقتىن ئايرىلغان شۆھرەتپەرەس - دورامچى ئەدەبىيات بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن قىلىدىغىنىمىز، قانداقتۇر بىر تالانت ئىگىسىنىڭ تاساددىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۇنياۋى سەۋىيىدە ئەسەر يېزىشىنى كۈتۈش، ياكى يېزىش قابىلىيىتىمىزنى ئۈستۈرەيلى دەپ تولاپ قويۇش بولماستىن، بەلكى مۇھىمى سەۋەبىنى پۈتكۈل مىللەتنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىدىن ئىزدەش؛ كونكرېتراق ئېيتساق، ھازىرقى ھالىتىمىزنى

ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى ئىلمىي نىشان ۋە پائالىيەت مەيدانى ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

I

گەپنى ئەمدى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن باشلايلى. مەلۇمكى، تارىخىمىزدىكى زور كۆپچىلىك ئەسەرلەر شېئىرىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە ئەل ئاغزىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرنى، خېلى كەڭ قىزىقىش، ھېسداشلىقنى قوزغىغان ۋەقەلىك، ئادەملەرنى، شۇنداقلا گۈل، ياران، بۇلبۇل، ياخشىلىق - يامانلىق دېگەندەك ئادەم ھېسسىياتىغا بىۋاستە تەسىر قىلغۇچى مەۋجۇتلۇقنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان. ئەسەرلەرنىڭ پۈتكۈل سىيۇژېت تەرەققىياتى كۆپىنچە ئەقلىيلىك بىلەن ئەمەس، خىيالىيلىق، ئىلاھىي سۆيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەسەرلەردىكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن رېئاللىقنىڭ پەرقى ناھايىتى زور. رېئاللىق، ئادەت، تەبىئەت ۋە سەنئەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە سىستېمىلىق، ئىلمىي ئويلىنىش كەم. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنى پېرسوناژ قىلىشىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس. مەيلى قايسى دەۋرنىڭ ئالىملىرى مۇتەپەككۇرلىرى بولسۇن، كۆپىنچە تەھلىل قىلىش، قايىل قىلىش خاھىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسىرلەندۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش، قىزىقتۇرۇش ھەتتا دوزاخ، خۇدانىڭ غەزىپى، ئىلاھىي ئاقىۋەت دېگەندەك نەرسىلەر ئارقىلىق ۋەھىمىلەش يولى بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن. يەنى ئۆز پىكرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىغا تەسىر قىلدۇرۇپ ئويلاندۇرۇش، قايىل قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا تەسىر قىلدۇرۇپ ھاياجانلاندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش، قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولغان. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ مىڭ يىلنىڭزى ماختاش - ئەيىبلەش، شىكايەت، نەپرەت، مەدھىيە، كۈيلەش، پەند - نەسىھەتتىن چەتنەپ كەتمىگەن. كىشىلەرنى خىيالىي ھايات گۈزەللىكىگە، مەلۇم بىر ئەخلاقىي مىزاننى نىشان قىلىپ، شۇنىڭغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولغان.

ئەمما، ياۋروپانىڭ خاھىشى بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى ئۇلارنىڭ تارىخىدىكى زور كۆپچىلىك ئەسەرلەر نەسرى، ھەتتا نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر بولۇپ، يازغۇچىلار يالغۇز ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات پېشۋالىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە مەشھۇر مۇتەپەككۇرلىرى، سىياسىئونلىرىدۇر. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزى كۆرگەن، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلىكلەرنى، ئۆز دەۋرى تەقەززا بولۇۋاتقان ئادەم ۋە ئىدىيىلەرنى ئاساسىي ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان. سيۇژېت تەرەققىياتى كۆپىنچە راستچىللىق، سەممىيلىك بىلەن راۋاجلانغان. ئەلۋەتتە، ئەسەرنىمۇ بىزنىڭكىدەك تەسىرلەندۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش، ۋەھىمىلەش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى قايىل قىلىش، تەھلىل قىلىش بىلەن ماھىيەتنى تونۇتۇش خاھىشىدا يازغان. ئومۇمەن ، غەرب كلاسسىكلىرى بىلەن بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزنى سېلىشتۇرغاندا، كۆز ئالدىمىزدا بىرى يىراقلارنى كۆرسىتىپ تۇرغان، يەنە بىرى قولىغا گۈرجەكنى ئېلىپ يەر كولاشقا تەمشىلىۋاتقان ئىككى سۈرەت كەلمەي قالمايدۇ. روشەنكى، ئالدىدىكى بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز، كەينىدىكى غەرب كلاسسىكلىرى. ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق پەرقلىق تۈس ئالىدۇ؟

ئادەمنىڭ غوللۇق مەنىۋى پائالىيىتى ھېسسىي پائالىيىتى ۋە ئەقلىي پائالىيىتى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئىككى خىل پائالىيەتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىسى مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسىدۇر. لېكىن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ۋۇجۇدىمىزدا ھېسسىي تەرەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەقلىي تەرەپ بېسىلىپ قالدى. تەپەككۇر بىلەن ھېسسىيات چېقىشالماس ئىككى قۇتۇپ بولغاچقا، ئەلۋەتتە بۇ بىزنى تەپەككۇرگە قېرىقلاشتۇردى. تەپەككۇرنى ھېسسىياتنىڭ قولى بولغاندىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. تەپەككۇر بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە يۈرگۈزۈلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. شۇڭا 11 ـ ئەسىردىن كېيىن تەبىئىيكى بىزدە ئەقلىي مۇكەممەللىكنى، ئەقلىي گۈزەللىكنى ئىزدەيدىغان پەنلەر، ئەسەرلەر ئاساسەن ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئەمما ياخشىلىق، ۋاپا، سادا قەت، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئاسايىشلىق دېگەندەك ھېسسىيات بىلەن باغلانغان گۈزەللىك توختىماي تىلغا ئېلىنىپ تۇردى.

بۇنىڭ بىلەن مىللەت سۆيىيكتى بارا ـ بارا ھېسسىياتنى ئاساسىي تۈۋرۈك قىلىشقا باشلىدى (ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسىرىمۇ بار). خەلقىمىز ۋە خەلقىمىزدىن چىققان ئالىملىرىمىز، مۇتەپەككۇرلىرىمىز، يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئەندىزىسى، قىممەت ئۆلچەملىرى، ئېستېتىك زەۋقىدە ھېسسىيات ئىستىخىيىسىز ھالدا ئالاھىدە ھەل قىلغۇچ مىزان بولۇپ ئىپادىلەندى.

ئەقلىيلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەنلىك، ھېسسىيلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇجمەللىك بولغاچقا، ئۆز تارىخىمىزغا ئەقىل كۆزى بىلەن ئوبدانراق قاراپ باقساق كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ قالايمىقان، چۈشىنىكسىز، پاجىئەلىك بىر ئۆتمۈش نامايان بولىدۇ. ئۇ سەھىپىلەردە بىز قاراپ تۇرۇپ ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېلىنغان ئادەم ۋە ھادىسىلەرنى، بولۇپمۇ يېقىنقى ئۈچ ئەسىردە ئىچكى ئىناقسىزلىق، تەپرىقىچىلىق، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك ئۇرۇشلىرى ئۇچۇن ئاققان دەريا ـ دەريا قانلارنى، ئاشۇ قانلارنىڭ سەۋەبچىسى، جاھالەتنىڭ مەنبەسى بولمىش سوپى ـ ئىشانلار ئۆزلىرىنى «سەئىد»، «ئەۋلىيا»، «پىر»، «ئاللاخوجام» دەپ ئاتاپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەقدىرى قىسمەتلىرىنى قوللىرىدا تۇتۇپ كېلىشكەنلىكلىرىنى، ئاۋامنىڭ ئۇلار قانداق قىلىپ «سەئىد»، «ئەۋلىيا» بولۇپ قالدۇ؟ دەپ تۈزۈك ئويلىماي، «ئەۋلىيا» لىقىنى كۆرمەيلا ئۇلارغا ئىشەنگىنىنى، ئەگەشكىنىنى، ھەتتا قول بېرىپ مۇرىت بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھەقتە، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىلى تەۋەسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئازادلىق كۆرەشلىرىگە زور بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كەلگەن بۇخارالىق خوجا مەھمۇد (پوچى مەھمۇد) نىڭ رەزىل قىلمىشىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە:

«بىلىشىمىزچە، خائىن خوجا مەھمۇد مىلادى 1863 ـ يىلى كۈزدە ئىلىدا سەكسەن ئىككى يۈز بويىچە خەلق بىرلىكى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىلى سۇلتانلىقى (خەلق كېڭەش قىلىپ سايلىغان مۇئەززەمخان سۇلتان، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەمىر بولغان سۇلتانلىق) قۇرۇلۇپ ئارىلىقتىن ئاز كەم ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھازىرقى غۇلجا شەھىرىگە ‹خۇدايى پەقىر› لىك قىلىپ پەيدا بولغان. كېيىنرەك ئاھالىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى ـ ‹غەۋسۇل ئەززەم› پۇشتىمەن دەپ ئېلان قىلغان. بۇنى ئاڭلىغان بىر قىسىم خوجىپەرەس نادان كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇشقان، ئەگەشكەن، ئۆزلىرىگە ‹پىر› قىلىپ، پايى قەدەملىرىگە ياندىشىپ، دېگىنىنى قىلىدىغان، دېگىنىنى بېرىدىغان، سىزىقىدىن چىقماي ... دۇئاسىنى ئېلىپ ‹ساۋاب›، تاپىدىغان ‹ئۇلۇغ خىسلەت› كە تۇتۇش قىلىپ كېتىشكەن ... مۇئەززەمخان ھاكىمىيىتى كورەنى جۇملىدىن ئىلى تەۋەسىدىكى باشقا جايلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن جىددىي چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خوجا مەھمۇد ئىلىنىڭ سۇلتانلىقىنى تارتىۋېلىش ھىيلىسىگە كىرىشىپ كەتكەن. ‹ ... جەڭ قىلماي تۇرۇپ بىر ئەپسۇن بىلەنلا دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىنى باغلايمەن. بىر سۇف بىلەنلا دۈشمەنلەرنى بېشىنى ئېلىۋېتىشىمۇ تۇيمايدىغان قىلىۋېتىمەن ...› دەپ ئۆزىنى كارامەت كۆرسىتىشكە ‹ئاتاپ› قويغان. ساددا دىل ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ بۇ ‹كارامەت› لىرىگە ئىشەنگەن. خوجا مەھمۇدمۇ خەلق ئىچىدىن ئۆزىگە ئىشەنچلىك ‹خۇدايى ياران› لارنى يېتەرلىك تاپقان. ئىلى مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خېلى بۇرۇن باش كۆتۈرگەن مەشھۇر ‹خوجا ئەھمەدخان ئەۋلىيا› بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ، ئىلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ‹نىجاد› لىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقان. گەرچە مۇئەززەم سۇلتان بۇ خوجىلار نىڭ ئالدامچىلىقى، سۇيقەستچىلىكى ئۈستىدە كىشىلەرنى ھوشيار بولۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر: ‹بۇ ئالەم ئىشلىرى بىلەن پىرىمىزنىڭ كارى يوقتۇر ...› دېيىشىپ، ‹ئېتىقاد› بىخۇدلۇقى بىلەن بىخارامان بولۇپ ئۆتۈۋېرىشكەن. ئاقىۋەت خوجا مەھمۇد بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ‹ياران›، ‹مۇرىت›، ‹ئىخلاسمەن› لىرىنى باشلاپ سۇلتانلىقنىڭ زىندانىدىكى دۈشمەنلىرىنى قاراملىق بىلەن قويۇپ بېرىشكىچە يەتكەن. ئىنقىلاب سېپى پارچىلانغان. ئاخىرى خوجا مەھمۇد ئۆز شېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇيۇقسىزلا مەخپىي ھالدا مۇئەززەمخان سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان ھەم ‹سۇلتان كاپىرلار تەرەپكە يان باستى، سىلەرنى ساتماقچى ...› دېگەن تۆھمەتنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى شەھەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن.

سۇلتانلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن سۇلتانلىقنىڭ ئىلگىدىكى بارلىق بەگ، مىرشاپلارنى «پۇقرانامىدىن» بۇيرۇق چىقىرىپ، تامامەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سۇلتاننىڭ ئوردىسىنى ئۆز ئادەملىــرىگە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرغان. سۇلتاننىڭ ئوغلى، 22 ياشلىق خىزىر زاتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. سۇلتاننىڭ مەشھۇر ئادىمى ـ ئەئلا پالۋاننى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ زىندانغا سالغان. خوجىنىڭ ئادەملىرى يۈز ـ يۈزلەرگە تارقىلىپ، ھەر قايسى يۇزلەرنىڭ ئىلگىرىكى يۇرت كاتتىلىرىنى، سۇلتانغا خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆملۈكنى بۇزغان. يۇرتتا باشباشتاقلىق كۆتۈرۈلگەن. جاي ـ جايلاردا ئۆلتۈرۈش، كۆيدۈرۈش، تالان ـ تاراج ئەۋج ئالدۇرۇلغان. ياخشىلار خار، يامانلار ئېتىبارسىز ۋەزىيەت يارىتىلغان. شۇنداق قىلىپ خەلق ھاكىمىيىتى، يەنى مۇئەززەمخان سۇلتانلىقى خوجا مەھمۇد تەرىپىدىن تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇۋېتىلگەن. خوجا مەھمۇد سۇلتانلىقنى ئىگىلەپ، بىر ئايدىن جىقراق سۇلتان بولغان» . (نىزامىددىن ھۈسەيىن: «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىــڭ تارىخىـــي ئۆچېركىلىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ سان (قوشما سان) غا قاراڭ.)

بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر سۇلتانلىقنى گەپ بىلەن ئاغدۇرۇۋەتكەن تارىخ. ئويلاپ باقايلى، خوجا مەھمۇدنىمىشقا شۇنداق ئاسانلا كىشىلەر قەلبىدە بىر سۇلتانلىقنى ئاغدۇرۇۋېتەلىگۈدەك ھېسسىيات پەيدا قىلالايدۇ؟ ئۇ « . . . جەڭ قىلمايلا بىر ئەپسۇن بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىنى باغلايمەن، بىر سۇف بىلەنلا دۈشمەنلەرنى يەشنى ئېلىۋەتىشمۇ تۇيمايدىغان قىلىۋېتىمەن» دەپ پو ئېتىۋاتقىنىدا ئەل ـ ئاۋام: ئەمىسە نېمىشقا پەيغەمبەرنىڭ غازاتلىرىدا شۇنچىۋالا كىشى شەھىت بولۇپ كېتىدۇ؟ راستلا شۇنداق ھۈنىرىڭ بولسا، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ باق! دېمەي، ئويلىماي ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ؟ ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى ئېغىز گېپى بىلەن ئۆزلىرى ھىمايە قىلىپ سايلىغان سۇلتاننى ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟

ئادەم دېگەن ئاجايىپ مۇرەككەپ مەخلۇق. چۈنكى ئۇنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنى مۆلچەرلىگىلــى بولمايدۇ. ھەر خىل، ھەر ياڭزا خىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىر تەبىئىيلىك. بىراق، دەل مانا مۇشۇ تەبىئىيلىك سۇبيېكتىمىزدىكى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ماغدۇرلىنىپ، بىر بۆلەك ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قانلىق سەھىپىلەر بىلەن تولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. تۇرلۇك ـ تۈمەن يەڭگىل ھېسسىياتلار ھېچقانداق توسالغۇسىزلا تارىخ سەھنىسىدە ئەقلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشى بىلەن نى ـ نى خانلىقلار ۋەيران بولدى. ئەسلىدىن باتۇرلۇق، ھەرىكەتچانلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ۋۇجۇدقا مىتە چۈشتى. پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى قول قوشتۇرۇپ، دۈگدىيىپ كېتىپ بارغان مۆمىنلەر، پولۇنىڭ يېغىدا بۇرۇتىنى مايلاپ، خوتۇننىڭ ئەۋرىشىم مېڭىشلىرىغا قاراپ ھىجىيىپ قالغان بەگلەر، غەزەپ بىلەن بولقا ئۇرۇۋاتقان نائۇمىدلەر، تۆكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ توختىماي ۋەز ئېيتىۋاتقان سوپى ـ ئىشانلار، سەللىنىڭ يوغىنىنى يۆگەپ، غېمى سورۇننىڭ تۆرىدە قالغان موللاملار نىڭ مەستخۇش ئارىلاشمىسىغا ئايلاندى.

بىزگە مەلۇمكى، ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھ دېگىنىمىز ـ كىشىلەرنىڭ مىجەز خاراكتېرى، ياشاش تەرزى، ئېستېتىك زەۋقى، تاشقى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دۇنيا قارىشىدا ئەقلىيلىككە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشنى، ئومۇمەن ھەر قانداق پائالىيەت، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئەقىل مۇددىئاسىنى ۋە ئەقلىي ۋەجىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق روھ كىشىلەرگە ناھايىتى مول ھېسسىي ماتېرىياللار ئارىسىدىن جەۋھەرنى ئىزدەيدىغان، تاشقى كۆرۈنۈشكە قارىغاندا ئىچكى ماھىيەتكە ئېتىبار بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ۋە بىردەملىك ئىپادىسى، مۇئامىلىسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز تەپەككۇرى ئارقىلىق كۆرگەن ماھىيەتكە قارايدىغان، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىكى لوگىكىلىق ئىزچىللىقنى تايىنىپ، بىۋاسىتە ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىلىمگە ئېرىشىشنى قوغلىشىدىغان سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشنى ئاتا قىلىپ شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى، ئىجادچانلىقىنى، ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئاجايىپ رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا، جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۈيۈك ئىگانت، ئىنىسكىلوپېدىك مۇتەپەككۇر، مەشھۇر نەزەرىيە ئالىمــــى م . ۋېبېر (1864 ـ 1920) ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەبنى تەھلىل قىلىپ: «يېقىنقى زامان ياۋروپا مەدەنىيىتىدە

بارلىقتا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ مەھسۇلى» دېگەنىدى.

دېمەك ئۆزىمىز ھەققىدە كونكرېتراق ئېيتساق، تارىختىن بۇيان خەقلەر ئۆز كاللىسىدا پەيدا بولغان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ، ئۆزىنى قايىل قىلمىشنى ئۆلچەم قىلغان بولسا، بىز ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى ھېسسىي نەرسىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشنى قوغلىشىپ، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈشنى، ھاياجانلاندۇرۇشنى ئۆلچەم قىلدۇق. بۇ ئىككى خىل يۆنىلىش ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىدى. يەنى خەقنىڭ تەپەككۇرى كۆندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، ئەقلىيلىككە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاجايىپ سىستېمىلىق لوگىكىلىق پەنلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، سۇبيېكتىمىنى كۆزنى چاقنىتقۇدەك ھالغا كەلتۈرگەن بولسا، بىزدە تۇرلۇك ئوي - خىياللار، تۇيغۇلار، ئەسلىمىلەرنىڭ كۆپتۈرۈلۈشى، سىرلىقلىشىشى، ۋەھىملىك ۋە ئىلاھىي تۇس ئېلىشى بىلەن ئەقىل ھېسسىياتنىڭ ئاستىغا باسۇرۇلۇپ قالدى. تارىختا ئات مىنىپ، قىلىچ ئوينىتىپ دۇنيا كەزگەن كۈچتۈڭگۈر روھ ئېتىزلىق، ئۆي، مەھەللە - كوي ئارىسىغا بېكىنىپ، دۇتار - تەمبۇرلىرىمىز، دولان مەشرەپلىرىمىز، ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزغا ئۆيۈپ قالدى.

كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھ ھەقىقەتەن كەمچىل، شەيئىلەرگە باھا بەرمەكچى بولساق، لوگىكىلىق تەپەككۇر ئاساسىدا، شەيئىلەرنىڭ، ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، يوقىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ، ئەمەسمۇ؟ دەپ ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە بۇرۇنقى قاراشلارغا، ئۆلچەملەرگە، خەقنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ؟ خەقنىڭ گەپ - سۆزلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ دېگەنلەرنى مىزان قىلىپ خۇلاسىغا كېلىمىز. ھادىسە ۋە شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى لوگىكىلىق زۆرۈرىيەتكە ئانچە قاراپ كەتمەيمىز. ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يوللۇقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز تەسكە توختايدۇ. ھەتتا ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەرگە ئەقلىمىز ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىشلار ئۆزىمىزنىڭ كاللىسىدىن ئۆتسۇن - ئۆتمىسۇن، رايىمىزغا ياقسۇن - ياقمىسۇن ئەل نەرقى بولۇشقا، ئەل نەرقى ئويلاشقا، ئەل نەرقى قىلىشقا، ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلى رەنجىش - رەنجىمەسلىك بىلەن كارىمىز يوق، قانداقتۇر بىر ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىقتا تىرىشىمىز. شۇڭا، بىزنىڭ مۇستەقىل ئىشلەش، ئويلاش ئېتىمىز تۆۋەن، يۆلىنىۋېلىش، شۇكرى قىلىش خاھىشىمىز كۈچلۈك. ئۆز كۆڭلىنىڭ رايىنى ئىستەيدىغان، ھەقىقىي قايىللىق يەتكىچە مېنىڭ توغرا دەپ تۇرالىغۇدەك قۇدرەت كەم. دوراپچىلىق، ياسالمىلىق تولا. تىلىمىزنىڭ ئىچىدە تىلىمىز بار. تىلىمىز بىلەن دىلىمىز بىردەك ئەمەس. ئالا كۆڭۈللۈك مىللەت پسىخىكىسىغا سىڭىپ كەتكەن.

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، قۇرئان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتىۋارلاپ ساقلىشى ئۈچۈن ئەمەس، تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن زېمىنغا چۈشكەن.

بۇنىڭدىن ئېنىقكى، تەپەككۇر ئىنسان ۋۇجۇدى بىلەن قۇرئاننى باغلاۋاتقان ھالقا، شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىماننى مۇستەھكەملەيمەن دەيدىكەن ئۇنداقتا ئۇلار ئۆز تەپەككۇرىنى بېيىتىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك ئىدى. بىراق بىز تەپەككۇرىمىزنى بېيىتىپ قۇرئان ھەقىقەتلىرىنى كۆرۈشكە ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتىمىزنى ئۇلغايتىپ ھېچنېمىنى ئويلىماي، ھېچنېمىگە قارىماي، ئەقىدىگە قۇللۇق قىلىشقا كۆچەپ كەتتۇق. «تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللا ئازابقا دۇچار قىلىدۇ» دېگەن مۇقەددەس ئايەتنىڭ ئەكسىچە موللا - ئۆلىمالىرىمىز جامائەتنى كۆپ ئويلىماسلىققا، يۇۋاش بولۇشقا، دوزاختىن قورقۇپ جەننەتنىڭ تاماسىدا يۈرۈشكە چاقىردى. ئۇلار بىزگە سىزىپ بەرگەن ياخشى ئادەملەر ئوبرازى پەقەت مۆمىن، تەقۋادار، ئاغزىدىن تۆۋە - ئىستىغپارنى چۈشۈرمەيدىغان رايىش، قول مىجەزلىكتىن ئىبارەت بولدى. نەتىجىدە دۇنيانى ۋەھىملىك نەرسىلەرگە، ئىلاھىي ھادىسىلەرگە باغلاپ چۈشىنىش، ساۋابلىق ئىشلارنى جەننەتنىڭ تاماسىدا قىلىش، دوزاخنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ يامان ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تارتىش، مەھكۇم، ئاجىز ئىنسانلارنىڭ خورلۇقتا تىرىكچىلىك قىلىش ئىدىيىسى بولغان «تەقدىر - پېشانە» چىلىك جاھاندارچىلىق پەلسەپىمىزگە ئايلىنىپ، ھەددى - ھېسابسىز «يامان بولىدۇ» لار لوگىكىلىق شەرھىي

ـ تەبىرنىڭ گورنىنى ئېلىپ، نورمال تەپەككۇردىن، ئەقلىيلىكتىن مەھرۇم قېلىشىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

## II

ئومۇمىيلىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقىمىز، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدە كۆز چاقنىتىپ تۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «ئون ئىككى مۇقام» دەك نامايەندىمىز بار. شۇنداقلا غەرب مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق يېتەرسىزلىكى بار. لېكىن سېلىشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، غەرب مەدەنىيىتى يەنىلا بىزنىڭكىدىن ئىلغار. بۇنىڭغا كۆز يۇمۇش ئىلمىيلىك ئەمەس. بىز يۇقىرىدا بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەبنى ئاز-تولا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇكەممەلسىزلىكى ھەققىدە قىسمەن توختىلىمىز.

1. ئەدەبىيات ئىلمى ساھەسىدىكى مۇكەممەلسىزلىك: بىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات ئىلمى ئەدبىيات تارىخى، ئەدەبىي ئوبزور، ئەدەبىياتنەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماق پەنگە بۆلىنىدۇ. ئەدەبىيات تارىخى ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى، تەجرىبىسى ۋە قانۇنىيىتىنى، ئەدەبىي ئوبزور بولسا يازغۇچىلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئېقىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ پائالىيىتىنى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بولسا، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدە پەيدا بولغان بارلىق ئەدەبىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پەن بولغاچقا، پۈتكۈل ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ مەسلىكى ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋۇنغا سوزۇلغان باي ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىن سۈزۈۋېلىنغان ھەقىقەت. يەنى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى ھەربىر مەزمۇن باي، مۇرەككەپ، سىرلىق، رەڭگارەڭ تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىش ئاساسىدا لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق چەككىلەنگەن جەۋھەر. شۇڭا ئۇ ھامان ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنىڭ بېيىشىغا، تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق مۇكەممەللىشىدۇ. ھېچقاچان ئۆزىنى ئەقلىدىن ئىبارەت بۇ ئالىي سوتچىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالمايدۇ. لېكىن بىزدە سۇبيېكتىپ قورۇلۇشىمىزنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلى، ئەزەلدىن بىر كېسەللىك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنى مەلۇم بىر دەۋردە قوبۇل قىلىنغان نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئارىسىغا ئىستىخىيىسىز ھالدا ئېتىقاد تېمى قوپۇرۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتىن تۆرەلگەن تەپەككۇر بۇ تامغا ئۇسسۇپ يىقىلىدۇ. نەزەرىيە بولسا مەزكۇر تامنىڭ ئارقىسىدا ئەقلىدىن ئىبارەت بۇ سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوت قىلىشىدىن ساقىت بولۇپ ئۆگدەشكە باشلايدۇ. بىز بولساق ئىلمىيلىككە يات قېلىپلاشقان ئۇقۇملارنى ناھايىتى ئاسانلا ئايەتلەردەكلا يادلىۋالىمىز، ھەتتا تەۋرەنمەس دەستەك قىلىۋالىمىز. پەقەتلا ئەقلىي ئاساسى قالمىغان تەقدىردىمۇ ھېسسىياتىمىز بىلەن تىرەپ تۇرغۇزالايمىز.

ئوبزورچىلىقىمىزدا دائىم ئىلمىيلىكىمىز شەخسىي ھېسسىياتقا تەسلىم بولۇپ كېتىدىغان، ماقالىلىرىمىز ۋارقىراش - جارقىراش، ئاچچىق مەسخىرە، كىنايىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بەزىدە ھەتتا بىر پۈتۈن ماقالە پوپوزا، ھەشەمەتلىك سۆز، يولسىز سوئال، قىزىغان ھۆكۈم، سەلتەنەتلىك چاقىرىق بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ئېنىق دەپ قويۇش كېرەككى، پەن ھېسسىياتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىرەر ئىلمىي ھۆكۈمنى تىللاپ قان چىچىۋالساڭمۇ ياكى ماختاپ كۆككە كۆتۈرسەڭمۇ يەنىلا شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىياتنى پەن دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇچۇقۇم پەننىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى شەرتسىز قوبۇل كۆرۈشى كېرەك. ئەپسۇس، سۇبيېكتىمىزدىكى يېتەرسىزلىك تۈپەيلى ھېسسىياتنىڭ ئىلمىي ساھەگىمۇ ئەركىن - توسالغۇسىز كىرىپ چىقىشىغا بىلىپ، بىلمەي يول قويۇۋاتىمىز.

2. يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى مۇكەممەلسىزلىك: يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ئەسەرنىڭ قانداق

www.uyghurkitap.com

چىقىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئادەم، ئالەم ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قارىشى، ئەخلاق قارىشى، ئېستېتىك قارىشى شۇنداقلا ئەدەبىيات قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، بىلىش جەريانىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىچكى ۋە تاشقى ئېھتىياجدىن كېلىدۇ. بولۇپمۇ نەزەرىيىۋى بىلىش جەريانىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى سەۋەب ئىچكى ئېھتىياج بىلەن يەنى مەزكۇر شەخسنىڭ لوگىكىلىقتا، مۇكەممەللىكتە، ئابستراكتلىقتا بولغان تەلپۈنۈشىگە باغلانغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق روھنىڭ تۈرتكىسىدە ئادەم رېئاللىق بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئەقلىي قاراشلارنى ئىگىلەپ، چەككىلەپ دۇنيا قارىشىنى بېيىتىدۇ. شۇڭا سەزگۈسىنى يوقاتمىغان ئادەمگە نىسبەتەن ۋاقىت دۇنيا قاراش دېمەكتۇر، چوڭقۇرلۇق دېمەكتۇر. بىراق مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلى ئىش يۇقىرىقىدەك بولماي قالىدۇ. خەلقىمىز ئالەم توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. كىشىلەرنى بىر - بىرىگە سىڭلىشتۇرۇپ ئەستايىدىل ئويلىنىشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ سەزگۈرلۈكىمىز، چۈشىنىش، خۇلاسىلاش، بىلىش ئىقتىدارىمىز يەنىلا ساددا - يۈزەكى سەۋىيىدىن رىشتە ئۈزەلمەيۋاتىدۇ. ئەقلىيلىكتە بولغان تەشنالىق تۆۋەن بولغاچقا، ھېسسىي ماتېرىياللار خۇددى بىر پەس دەھشەتلىك جېدەل يۈز بەرگەن ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىقتا تۇرغان نەرسىلەردەك رەتسىز، باش - ئايىغى يوق پارچە - پارچە تۇرىسىمۇ ئىچىمىز پۇشمايدىغان ئادەتتىن خوشلىشالمايۋاتىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ قالايمىقان نەرسىلەر ئىچىدىن سەل مەيلىنى تارتقان ياكى مەتبۇئاتتا بېسىلىپ نامىنى چىقىرىشقا يارايدىغاندەك تۇيۇلغان بىر نېمىنى ئېلىپلا ئۇنىڭغا ھېسسىياتنى، ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلەرنى چاپلاپ پەردازلاپ يېزىش كۆرۈلۈۋاتىدۇ. تەپەككۇردىكى ھارغىنلىق ۋە يېتەرلىك چوڭقۇرلۇققا بارمايلا قايىل بولۇپ قالىدىغان خاھىش، مۇكەممەل دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئىلمىي سىستېمىغا ساختىلىق ئىشلىتىپ ئۇنىڭ بىر مۇنچە تۈۋرۈكلىرىنى ھېسسىيات بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىدىغان كەيپىيات تېخى روھىمىزدىن قوغلانمىدى. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچىنىڭ كاللىسىدىكى دۇنيا ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئاشۇ دەۋرنىڭ بىلىش سەۋىيىسىدىكى رېئاللىق دۇنيا بولماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى تەرىپىدىن كۆپتۈرۈلگەن ياكى چۈشۈرۈلگەن، بۇرمىلانغان دۇنيا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق يازغۇچىلار رېئاللىقنى، ئىنسانلارنى ھەقىقىي چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار ياراتقان ئەدەبىياتمۇ پەردازلانغان، ياسالما، ساختا ئەدەبىيات بولۇپ قالىدۇ.

3. ئۆلچەمدىكى مۇكەممەلسىزلىك: يازغۇچى ئەسەر قۇرۇلمىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يېزىشقا باشلايدۇ. كاللىسىدىكى ئوي - پىكرىنى قەغەزگە چۈشۈرىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىز مېخانىك ھالدا بولمايدۇ، بەلكى يازغۇچى بىرتەرەپتىن يېزىش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئويلىغان ئەدەبىي قۇرۇلما باش تېمىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلەمدۇ - يوق؟ پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى، پائالىيىتى، گەپ - سۆزى، تەقدىرى، ھەتتا كىيىنىشى، كۈلۈشى، چىراي شەكلى، كۆز ئىپادىسى كىشىلىك ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ لوگىكىسىغا، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىدىكى لوگىكىغا ئۇيغۇنمۇ - يوق؟ دېگەندەك بىر قاتار سوئال - ئۆلچەملەر ئاساسىدا تەكشۈرىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۆلچەم يازغۇچىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا بېكىنگەن بولۇپ، كۈچلۈك سۇبيېكتىپچانلىققا ئىگە بولغاچقا، بىز داۋاملىق مۇشۇ جەھەتتە لوگىكىسىزلىقتىن قول ئۈزەلمەيدىغان بىر يېتىشسىزلىكتىن خالىي بولالمايۋاتىمىز.

ئېنىقكى، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئەقلىي گۈزەللىككە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، سەنئەتكارلار ياراتقان ئوبراز ھېسسىي باسقۇچتىن ئۆتۈپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىدا تەدرىجىي ھالدا باش تېما ئىدىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەنلىكىدە. لېكىن، بۇ ئۇنداق ئاسانلا ئۆتىدىغان ئۆتكەل ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئوقۇرمەنگە ھېسسىي بىلىش بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن يېتەرلىك قايىللىق بېرىشى لازىم. ئەمما بىزدە ئېستېتىك ئۆلچەم نۇقتىسىدىن

ئېيتقاندا، ھېسسىي گۈزەللىككە بولغان سەزگۈرلۈك، تونۇش يۇقىرى، ئەقلىي گۈزەللىككە بولغان سەزگۈرلۈك تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئەسەرلەردە ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە يېتەرلىك ھېسسىي بىلىش توپلىمايلا ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈۋالىدىغان خاھىشقا يول قويۇپ كېلىۋاتىمىز. نەتىجىدە يەڭگىلتەكلىك، ئالدىراقسانلىق بىلەن قەلەم تارتىدىغان، ھېسسىيات قانداقتۇر بىر تاشقى نەرسىلەرگە چاپلىنىپلا، قايىللىق ئىزدەيدىغان ئىستەكلەرنى قايمۇقۇشتا قويىدىغان ناباپ يېزىقچىلىق ئىستىلى ئەدەبىيات سەھنىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلمەكتە.

4. تەپەككۇردىكى مۇكەممەلسىزلىك: دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتكەن ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ ئامىل ۋە سۇبيېكتىپ ئامىلدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوبيېكتىپ ئامىل دېگىنىمىز - ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاشۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆرسىتىدۇ. سۇبيېكتىپ ئامىل دېگىنىمىز - يازغۇچىنىڭ ئەسەر بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتكەن سۇبيېكتىپ تەسىراتى، چۈشەنچىسى، باھاسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى يازغۇچى تۇرمۇشنى مېخانىك ھالدا رەسىمگە ئالمايدۇ بەلكى ئىپادىلەش ئوبيېكتى ئۈستىدە قايتا - قايتا ئويلىنىدۇ، پىششىقلايدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق ئەسەر لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئىنسان سۇبيېكتى بۇ ئارقىلىق باھا، چۈشەنچە شەكلىدە ئەسەرگە سىڭىدۇ. شۇغىنىسى بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىمىزدىكى پايدىسىز تەرەپنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىۋاتىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى باياندا ھېس قىلالايمىز:

ئادەتتە مېتىر بولمىغان شارائىتتا قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى سائەت بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: قۇدۇققا بىرەر نەرسىنى تاشلايمىز. ئۇنىڭ تاشلانغاندىن تارتىپ سۇغا چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقتىنى ھېسابلاپ، ئەركىن چۈشكەن جىسىم فورمۇلاسى $h=\frac{1}{2}gt^2$ ئارقىلىق قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئەگەر سىز دەل ئەركىن چۈشكەن جىسىم ھەرىكىتىنى پۇختا بىلىدىغان ئوقۇغۇچىدىن يېنىڭىزدا بىر قوزا ۋە بىر دانە سائەت بار، سەن بۇ ئىككى نەرسىدىن پايدىلىنىپ، مېتىر ئىشلەتمەي، مۇشۇ قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ بېرەلەمسەن؟ دەپ سورىسىڭىز چوقۇمكى ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ كېتىدۇ. ھەتتا تاپالمايدۇ. قوزىنى قۇدۇققا تاشلاپ، فورمۇلا $h=\frac{1}{2}gt^2$ ئارقىلىق ھېسابلاشنى ئاسانلىقچە خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى قوزىغا بولغان ھېسسىيات ئوقۇغۇچىنىڭ ئەقلىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئۇ ئەگەر قوزىنى قۇدۇققا تاشلاشقا بولسا، دەپ پەرەز قىلالىغان بولسا، مەسىلىنى ناھايىتى تېزلا ھەل قىلىۋېتەتتى. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىل ھېسسىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىۋاتقان، تەپەككۇر راۋانلاشمايۋاتقان ئەھۋال ناھايىتى كەڭ ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رېئال ئوبيېكتلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە بولغان ھېسسىياتنىڭ ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق بولۇشى تەپەككۇرىمىزغا ماس مەيدان ھازىرلاپ، ئۇنى ئەركىنلىككە چىقارمايۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنياۋى ئەدەبىيات قانداقتۇر بىر ئەخلاقىي نىشاننى مەنزىل قىلىپ ئەسەر يازىدىغان، ئادەم ئۇنداق بولۇشى كېرەك. مۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قېلىپلاشتۇرۇشنى قوغلىشىدىغان دەۋردىن ئۆتۈپ، ئىنساننىڭ ماھىيىتى، جەننىتىنى ئىزدەيدىغان دەۋرگە قەدەم قويىدى. شۇڭا بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ يازغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئالدى بىلەن تەپەككۇردىن ئىبارەت.

5. رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىدىكى مۇكەممەلسىزلىك: رېئاللىق ئاجايىپ مول دۇنيا. ئۇنىڭدا ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئادەملەر، تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلار تولۇپ ياتىدۇ. يازغۇچى ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھامان مۇشۇ رېئاللىق ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت. ئەپسۇس، بىزنىڭ خېلى كۆپ يازغۇچىلىرىمىز رېئاللىق بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئادەملەرنى ئادەم سۈپىتىدە يازماستىن، مەدھىيىلەيدىغانلار، ئوتتۇرىدىكىلەر، نەپرەتلىنىدىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچ ھېسسىيات لاگېرىغا

تەقسىملىنىۋاتىدۇ. ئىنساننىڭ چىن ھېسسىياتى، ئەسلى قىياپىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىنىۋاتىدۇ. ناۋادا يازغۇچى ھايات رېئاللىقىنىڭ ئاجايىپ مۇرەككەپ تۈزۈلمىسىنى ئېتىراپ قىلماي ئۇنىڭغا قوپال، سەممىيەتسىز مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، رېئاللىقمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.

6. ئىجادىيەت ھالىتىدىكى مۇكەممەلسىزلىك: ئېنىقكى، ئىجادىيەتكە كىرىشىۋاتقان سۇبيېكتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتى ئىجادىيەت تۈسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي يازغۇچىلىرىمىز ئارىسىدا بىر قاتار غەيرىي نورمال خاھىشلار كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭ ئەڭ تۈپلۈك ئالامەتلىرىدىن بىرى، خېلى كۆپ يازغۇچىلىرىمىزدا ئۆزىنى پەردازلاپ، ئاندىن قەلەم تەۋرىتىدىغان ئادەت خېلىلا ئېغىر. پىسخىكىمىزدا ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئاندىن باشقىلارنى قايىل قىلىش روھى كەم بولغاچقا، بەزى يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئۆزىچە خەق چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەرنى چۈشىنىدىغان، تىللايدىغان نەرسىلەرنى ماختايدىغان بولۇۋېلىۋاتىدۇ. قانداقتۇ بىر ھېسسىياتلارنى سۈنئىي قوزغاپ، تاشقى دۇنياغا چاپلاۋاتىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇھازىرقى زامان ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئەڭ لەنىتى ۋىجدانسىزلىق. مۇشۇنداق يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بىر تالاي ئالدامچىلىقتىن، «تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق» گەپتانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ئوقۇرمەنلىرىمىز ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىز بۈگۈنكى دەۋردىكى ئەۋلادلار ئاشۇ ئون يىلدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قېنى؟ دەپ سوراشقا ھەقلىقمىز. نەچچە يىلنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات سىياسىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپلا گۆرگە تاشلىنىۋېتىلدى. پۈتۈن گۇناھ سىياسىيغا ئارتىلىپلا توگىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئادىللىق ئەمەس. چۈنكى تاشقى مۇھىت قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدۇ. چوقۇم ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى نېمىشقا بۇ مەزگىلدە شۇنچىۋالا ئادەم يەڭگىلتەكلىك بىلەن يازىدۇ؟ نېمىشقا ئۇلار ئۆزىنى پەردازلاپ، رېئاللىقنى بۇرمىلاپ، ئاقنى قارا قىلىپ يېزىۋاتقاندا ۋىجدانى ئازابلانمايدۇ؟ ئىجادىي پائالىيىتىنى ئۆز كۆڭلىدىكى قايىللىق ئۈستىگە ئەمەس، گېزىت - ژۇرنال، رادىئولاردىكى چاقىرىقلار ئۈستىگە ئولتۇرغۇزغىنىغا تاقەت قىلىدۇ؟ دېگەنلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ بىر قاتار ساۋاقلارنى خۇلاسىلاپ چىقىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ ئىلمىي يەكۈن بولىدۇ. ھازىرقىلارغا ناھايىتى ياخشى سەلبىي دەرسلىك بولۇپ قالىدۇ.

Ⅳ

ئىنسانىيەت 20 - ئەسىرگە قەدەم قويۇپ، ئەينى ۋاقىتتا: «ئادەملەر ئىلمىيلاشقان بىر دەۋرگە كىردى، بۇندىن كېيىنكى ئىشلار ئىلمىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ» دەپ قىلىنغان تەسىرلىك ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئەسىر ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى 70 مىليون ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ تاھازىرغىچە ئىنسانلار بىر - بىرىنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىدىغان چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلار سەل پەسەيگەن بولسىمۇ، ئەمما زادىلا توختاپ باقمىدى. ئۇ مېنى مۇشت ئېتىپ قالامدىكىن دەپ، مەن ئۇنى مۇشت ئېتىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ، پەقەت شۇنداق بىر ۋەسۋەسە ئۈچۈنلا قىلىنغان ھەربىي تەييارلىقلارغا ئاجراتقان خىراجەت يىلدىن يىلغا ئاشتى. خۇددى ئېيروت «ئىچى غال - غال ئادەم» دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: «بۇ دۇنيا ياكى دەھشەتلىك بىر سادا ۋە ياكى بىر چىرقىراش بىلەن ھالاك بولىدۇ» غاندەك بولۇپ قالدى. ئاتوم ئېنېرگىيىسى تېخنىكىسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنيانىڭ تەقدىرى ئاخىرى بىر كونۇپكىغا باغلاندى. بۇنداق ئەمەلىيەت ئىنساننىڭ ئەقلىي دۇنياسىنى سوئال بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتكەن بىر قاتار ئۇندەش بەلگىسى بىلەن توشقۇزدى. ھاياتلىق ئىلمى تېخنىكىسى، ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى گىن ئوپېراتسىيىسى ۋە ئادەمنى پروبىركىدا يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئادەمنى ياساشنىڭ، ئۆزگەرتىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى نامايەندە قىلىپ، ئىنساننىڭ ئەخلاق قاراشلىرىغا، ھېسسىياتىغا، تەبىئىيلىك سېزىمىگە رەھىمسىزلەرچە زەربە بېرىپ، ئاجايىپ مۇرەككەپ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. مېڭە ئىلمىنىڭ

يۈزلىنىشى ئادەملەرنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسى، قىممەت ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى بىر قاتار قاراشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ماشىنا ئادەم، ئېلېكترونلۇق مېڭە سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا ئۆزىنى ھايۋان بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېرىشكەن ئۆزى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى بىلىشى قاسىراق تاشلاپ، يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. يەنە نۇرغۇن سوئاللار باش كۆتۈرۈپ نەشتەردەك سانچىلىشقا باشلىدى. نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سانائەتنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ ئەھۋال تەبىئەتنى تەرتىپسىز بۇلاشنى ۋە دەپسەندە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەر شارى خاراكتېرلىك ئېكولوگىيىلىك بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلدى. سانسىزلىغان ئورمانلار كېسىلدى، ھايۋاناتلار يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالدى. كۆل، دەريا، دېڭىزلار قۇرىدى. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى بۇلغىنىش پىرسەنتىگە 20% قوشۇلۇپ، يەر شارىنى ئوراپ تۇرغان ئاتموسفېرانىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزۇۋەتتى. نەتىجىدە قۇرغاقچىلىق، بوران، سۇ ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. بىز ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل شارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتۇقمۇ نېمە، دەپ ئەنسىرەپ قالدى. نېفىت، كۆمۈر، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ چەكلىمىلىكى ھەممە نېمىنى - زاۋۇت، ماشىنا، ئېلېكتر چىرىغى، كىنو، تېلېۋىزور . . . لارنى يەپ تاشلاپ، ئىنسانلارنى نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى بىر زامانغا ئاپىرىپ قويىدىغان يەجۇش - يەمەنجۇشلەردەك مۇمكىنچىلىكلەر ئىچىدە باش كۆتۈردى.

لېكىن، ھەر قانداق ئادەم ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇماي تۇرالمايدۇ. 20 - ئەسىر ئازاب ھەم چۈشكۈنلۈككە، خۇشاللىق ۋە ئىجادىيەت روھىغا تولغان ئەسىر، بۇ روھ مۇشۇ ئەسىر كىشىلىرىنىڭ كەيپىياتىنى بەلگىلىگۈچى ئوبيېكتىپ ئامىل بولۇپ قالدى.

مۇھىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 20 - ئەسىر پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 90% ئالىم ياشىغان دەۋر بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشى ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭىلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ. كۆپ قاتلام، كۆپ خىل يۆنىلىش بويىچە جۇلالىنىپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋاتىدۇ. 50 - يىللاردا باشلانغان «3 - قېتىملىق دولقۇن» پۈتكۈل دۇنيا ئەندىزىسىنى بۇزۇۋېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى ئۆزگىرىشنى تېزلەتتى. ئىجتىمائىي رېئاللىق سانائەتنى تومۇر قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇچۇرغا يېپىشتى. زىيالىيلار ئەڭ نادىر ئىشلەپچىقارغۇچىغا ئايلاندى. پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىگە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياج، تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇكەممەللەشتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە ماس قەدەملىك سۈنئىي ھەمراھ يەر شارىنى قاپلىدى. دۇنيا زور دەرىجىدە تارىيىپ ئۆتمۈشتىكى بېكىنمە ھالەت ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولدى ھەم بەربات بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. دۆلەتلەر، مىللەتلەر ۋە رايونلار ئارىسىدىكى ئالاقە كۈچەيدى. بېكىنمە، تار، ئاددىي، مىللىي ۋە رايون خاراكتېرلىك نەرسىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ، ئەكسىچە ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەر كۈنسايىن كۆپەيدى. ئىجتىمائىي رىتىمنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش - ئىنكار قىلىش - ئىنكارنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بىلىش قانۇنىيىتى ھالقىسىنىڭ دەۋرى قىسقىراپ، چوڭقۇرلىغانسېرى چوڭقۇرلۇققا ماڭىدىغان ئاجايىپ شىددەتلىك مۇھىت مەيدانغا كەلدى.

ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئادەملەر ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقتىن ئادەمنىڭ ئاجايىپ تۈزۈلۈشىنى كۆردى. نەچچە مىڭ يىلنىڭ ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تاشقى دۇنيا، تەبىئەت، ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە تاشلىنىپ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى. مۇشۇ ئەسىر مابەينىدە ئىنساننىڭ سۇبيېكتى توغرىسىدا ئاجايىپ ئۇلۇغ نەتىجىلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئەمدى ئىنسانلار جۇڭگو، ئامېرىكا، تۈركىيە دېگەنلەرنىڭ

بىر جۇغراپىيىلىك نام ئەمەسلىكىنى، ئەر ـ ئايال دېگەننىڭ پەقەت فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشكىلا قارىتىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆتكەنكى يىللاردا دەل مۇشۇ سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشكە بولغان تونۇشنىڭ ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن ئادەملەرنىڭ بىكاردىن بىكار ئۆز ئارا تىللىشىپ يۈرگەنلىكىنى، قان تۆككەنلىكىنى، بەختسىز بولۇپ قېلىشقانلىقلىرىنى سەزدى. ئاجايىپ مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق ھېسسىيات كەيپىدە ئۆتمۈشكە قايتىدىن سەپسېلىپ، ئويلاشقا، تۈزىتىشكە، شاللاشقا باشلىدى. ئەڭ ئۇلۇغ ئالىيجانابلىقنىڭ باشقىلارنى چۈشىنىش، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈش، كەڭ قورساقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتى مانا مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە تەرەققىي قىلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پۈتكۈل ئەدەبىيات ئۈستىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تولغىقى پەيدا بولدى. 20 ـ ئەسىردە رېئالىزم دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە يېڭىچە يازىدىغان يازغۇچىلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى يېپيېڭى ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى مودېرنىزم باش كۆتۈردى. مودېرنىزم ئەنئەنىگە قارشى تۇس ئالغان قىياپەتتە ياۋروپا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىپ ناھايىتى زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. 20 ـ يىللاردا ئۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئۆزى پەيدا بولغان زېمىندىن ھالقىپ باشقا رايونلارغا تارقالدى. خەلقئارالىق ئەدەبىيات ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىلىرىنى ۋە ئەسەرلىرىنى ياراتتى. گەرچە 1939 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلاپ، ئەدەبىيات ئاز ـ تولا توسالغۇغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ھەرىكىتى توختاپ قالمىدى، بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات فاشىستىك ئۇرۇشقا قارشى ئىلغار ئەدەبىيات بولۇپ نەتىجىلەندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ھەر قايسى ئەللەر ئەدەبىياتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنىگە چىقتى. مودېرنىزم 50 ـ 60 ـ يىللارغا كەلگەندە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىنى ئىگىلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە لاتىن ئامېرىكىسىدا پەيدا بولۇپ نەتىجە ياراتقان سېھرىي رېئالىزم ئەدەبىياتى پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىپ، «پارتىلاش ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى. رېئالىزملىق ئەدەبىيات بولسا، يەنە بىر قېتىم مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا باش كۆتۈرگەن سېھرىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ھۆكۈمرانلىق كۈچىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ قايتا باشقا ئېقىملار بىلەن قارشىلىشالمىدى. ئەكسىچە ئاقىلانىلىك بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى.

بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭ سۇبيېكتقا بولغان ئېتىبارى ئىنتايىن يۇقىرى. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىدىن تۇرمۇشنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەينەن يازماي، سۇبيېكتىپ تەسىرات ۋە ئىچكى ماھىيەتنى يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىچكى پائالىيەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئالەمنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭچە، بۇ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان ئۆزىگە قايىللىق ئىزدەش روھىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە ئىپادىلىنىشى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتى شەكىللەنگەن مۇھىت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن چىقىپ تۇرۇپتىكى، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەقلىيلىككە تۇتقان مۇئامىلىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئەسەرلەر ئەزەلدىن رېئال شەيئىلەرنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، جانلىق، مۇكەممەل ھېكايىچانلىق ۋە تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇن ئىپادىلىگەن بولسا، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئابستراكتلاشتۇرۇش، ئەقلىيلەشتۈرۈش، كوردىناتلاشتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ھازىرقى زامان سەنئىتى دۇنيا ۋە ئادەمنىڭ پائالىيىتىنى، كۆرۈشكە، سېزىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشكە قىزىقىپلا قالماي كونكرېت ھالىتى بولمىغان، ئوچۇقلا بايقىغىلى بولمايدىغان مۇھىم قانۇنىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنماقتا. ئۆتمۈشتىكى ئۇ خىل نوقۇل تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات ھازىر ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. ئەقلىي ئويلىنىش يازغۇچىلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ئالەم، كىشىلىك تۇرمۇش، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئەخلاق جەھەتلەردىكى زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارغا ئەستايىدىللىق، سەممىيلىك بىلەن جاۋاب ئىزدەۋاتىدۇ. تېخى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا پاش قىلىش ۋە مۇنداق بولسا ئۇنداق بولىدىكەن، دېگەندەك خۇلاسلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۈستىدە پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە، دېموكراتىك كەيپتە تۇرۇپ باش قاتۇرۇپ ئەدەبىياتقا ھۆسن

قوشۇۋاتىدۇ. ئەقلىيلىك قىياس قىلىشقا ئېتىبار بەرگەنلىكتىن ئوبرازچانلىق ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، ئابستراكتلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازنى ئەندىزىلەشتۇرۇش، خىللاشتۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر قانىتى بولغان ئوبزورچىلىق - نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار پەن سۈپىتىدە ھەر قايسى پەنلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى. «سىستېما تەنقىدچىلىكى»، «ئۇچۇر تەنقىدچىلىكى»، «دىنامىكا تەنقىدچىلىكى»، «ستاتىستىكا تەنقىدچىلىكى» بۇنىڭ روشەن مىسالى.

دېمەك، بۈگۈنكى دەۋردە ئەدەبىيات يازغۇچىلاردىن ئاجايىپ دىئالېكتىك كاللا، يۈكسەك پەرقلەندۈرۈش، چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە تەپەككۇر ۋە ئەقلىيلىككە، ئابستراكتلىققا ئىنتىزار روھنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى دۇنيانىڭ زور دەرىجىدە تارىيىشى ۋە بىلىمنىڭ كۆپ قاتلام، كۆپ يۆنىلىش بىلەن شەخسنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىشى، ھېسسىي ماتېرىياللارنى توپلاشنىڭ دۇنيا مىقياسىغا كېڭىيىشى ئادەمنىڭ بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە كۆپ قاتلام، كۆپ يۆنىلىش بويىچە سىستېمىلىق ئويلىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بەلگىلىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى ماھىيەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تومۇرىغا ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ سىڭىش جەريانىدۇر.

* * *

يىغىپ ئېيتقاندا، سىستېمىلىق تەبىئىي پەن ۋە باشقا پەنلەرنىڭ مەدەنىيىمىزدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتماسلىقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇشۇ ھالەتتە قېلىشىدىكى تۈپكى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىر ئاجايىپ بىمەنە باغلاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىش يۈزىدە بەربىر ھەقىقەتتۇر. نەتىجىدە ماھىيەتتىكى مۇكەممەلسىزلىك تۈپەيلى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ بىرقاتار مۇكەممەلسىزلىكلەر ساقلانماقتا. ئەدەبىياتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ماھىيەتتىكى مۇكەممەلسىزلىكنى تۈگىتىپ ئۇنىڭغا تەبىئىي پەن روھىنى كىرگۈزۈش، شەخس روھىنى تەبىئىي پەن روھى بىلەن قاتتىق تەربىيىلەش لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلماي كونا ئادەت بويىچە يەنە نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتەيلىيەي، ئۈلچەم - ئەندىزىلىرىمىزنى ئۆزگەرتەيلىيەي، دەپ شوئارۋازلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولساق، كۆپىنچە بىر دەملىك ھاياجانلىنىش، يۈلقۇنۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ گويا ئارپا تېرىپ قويۇپ، بۇغداي ئۈنسۇن دەپ ئېتىزنىڭ بېشىدا توۋلاپ ئولتۇرۇشتەك كۈلكىلىك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ئەسىرىمىزدىكى مەشھۇر پەيلاسوپ، ھادىسىزم ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ئې. خۇسسېرل ئۆزىنىڭ جاپالىق تەتقىقاتى ئارقىلىق، تەبىئىي پەننىڭ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى. بۈگۈنكى دەۋردە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن تەبىئىي پەن روھىغا يۈزلەنگىنىدۇر، دەپ ھېسابلىغانىدى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنى ئەسلىسەك، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى بىلەن ئۆلكىمىزگىمۇ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھ سىڭىپ كىرىشكە باشلاپ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى، يوشۇرۇن ئېڭى ۋە دۇنيا قارىشىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەدەبىياتنىلا ئېيتساق، بۇ روھ ئابدۇقادىر داموللام، تەۋپىق ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپتەك سەزگۈر ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىدا ئەكس ئېتىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يول ئېچىپ بېرىشى، پېشقەدەملىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى، بۈگۈنكى دەۋر ياشلىرىنىڭ ئىجتىھات قىلىشى بىلەن يېڭى بىر پەللىگە يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇ، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت، تەبىئىي پەن روھىنىڭ نەچچە يىللىق ئۆزلىشىش تارىخى جەريانىدا سىناقلاردىن ئۆتۈپ، يالتىرىشىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، بۇ باسقۇچ يەنىلا تەبىئىي پەن روھىنى ئىستىخىيىسىز ھالدا قوبۇل قىلىش باسقۇچىدۇر. ئەمدى بۇ روھنى ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا ئاڭلىق، پىلانلىق يوسۇندا قوبۇل قىلىشقا ئۆتۈشىمىز لازىم. شۇندىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ. شۇڭا، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى تەبىئىي پەن ئۆگىنىشى، ئۇنىڭ روھىنى ئۆز جىسمىغا كىرگۈزۈشى، تەبىئىي پەننىڭ مول مېتودولوگىيىسى بىلەن قوراللىنىشى كېرەك. پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قولىدىن ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، تەرجىمە قىلىش، شېئىر - ھېكايە يېزىش، ئومۇمەن قۇرۇق گەپ سېتىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدىغاندەك تۇرغان، خەقلەر ئايغا چىقىۋاتسا تۇنجى ئايروپىلان ھەيدىگۈچى، تۇنجى پويىز شوپۇرى دەپ گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا پەخىرلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. بۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان ئوغلانلارنىڭ ئالدىدىكى زۆرۈر ۋە مۇشەققەتلىك بىر تەلەپ.

www.uyghurkitap.com



## ھېكمەتلەر

خۇددى ئېرىگە كۆيۈمچان خوتۇن ياسىنىشقا مۇھتاج بولمىغىنىدەك، ھەقىقىي سەنئەتمۇ پەردازغا مۇھتاج ئەمەس. ساختا سەنئەت ئۆزىنى دائىم ياساپ يۈرىدىغان پاھىشە ئايالغا ئوخشايدۇ.

**— لېۋ. تولستوي**

ئادەم ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلگەنسېرى، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقنىڭ ئازابىنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ.

**دانتې**

ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، يوغانچىلىق ۋە ئاسان ئېشىنىپ كېتىش - كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ يوشۇرۇن خاداتاش.

**— بالزاك**

ۋاقىتنىڭ ئۈچ قەدىمى بولىدۇ: كېلەچەك كېچىكىپ كېلىدۇ، ھازىر تېز غايىب بولىدۇ، ئۆتمۈش مەڭگۈجىم تۇرىدۇ.

**شىللېر**

ئادەم جەمئىيەتكە چۆككەندىلا، ئاندىن بۇ قىسقا ھەم خەتەرلىك بولغان ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

**ئېينشتېين**




سىلىق - يېقىملىق پوزىتسىيە مەڭگۈلۈك تونۇشتۇرۇش خېتىدۇر.

**— بېكون**

ئىناقلىقنىڭ ئەڭ بىرىنچى شەرتى - سەمىمىيەت

**— م. م پرىشۋىن**

بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىقتۇر. مەردلىك بارلىق ئەيىبلەرنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ.

تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغادۇشمەندۇر.

ئاچكۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى غەم، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتتۇر.

**— ئەھمەد يۈكنەكى**

ئەگەر دوستلىرىم، يولداشلىرىم كۆپ بولسۇن دېسەڭ، ئاداۋەت تۇتما. ئەگەر دۇنيادا زەخمەت (جاپا) چەكمەي دېسەڭ ۋە ئىنسانىي ئۆمۈر كەچۈرەي دېسەڭ، ئۆز ئىشىڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما. ئەگەر خەلق مېنى سارالىق دېمىسۇن دېسەڭ ھاسىل بولمايدىغان نەرسىنى ئىزدىمە. ئەگەر ھۆرمەت - ئابرويۇم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، ھايانى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل.

**— نۇشىرۋان**

ئادەملەرنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراستى مۇھىتقا ماسلىشىش ۋە سىرتقى تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

**— دېفو**

ھەربىكەت سالامەتلىكنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا

ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى.

— جېففېرسون

ئادەم قانچىلىك دانا ۋە سېخىي بولسا ئۇ كىشىلەردىكى ياخشى تەرەپنى شۇنچىلىك كۆپ بايقايدۇ.

ب. پاسكال

ياخشى بىر كىتاب ئوقۇش نۇرغۇن ئالىيجاناب كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولغانلىقتۇر.

م. گوركىي

---

توپلىغۇچى: ئىلياس ھوشۇر

## شەمسۇلمائالى قابۇس ھېكمەتلىرىدىن

ئەخمەق (نادان) لارساڭا قوپاللىق قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمە. چۈنكى، دانالار ئېيتقانكى، «ئەخمەققە بېرىلىدىغان جاۋاب — سۈكۈتتۇر!»

* * *

بىر ئادەم بىر يامان ئىش قىلسا، ئىبرەت كۆزلۈك بىلەن قارىغىن. ئۇ ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دەپ ئەيىبلىمە. ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇنداق يامان ئىش قىلمىغىنىڭغا شۈكۈر قىل.

* * *

شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان دوستلارنىڭ قېشىغا خاس چاغلاردا بېرىپ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغىن. خاس چاغدا ئاڭلىغان نەسىھەت كۆڭۈلگە ياقىدۇ. جامائەت ئارىسىدا ئاڭلىغان نەسىھەت قۇلاققا كىرمەيدۇ.

* * *

بىر جامائەت ئىچىدە، بىر ئولتۇرۇشتا يېنىڭدىكى كىشى بىلەن پىچىرلاپ سۆزلەشمە. چۈنكى، ئادەملەر بىر - بىرىگە يامان گۇماندا بولۇشتىن خالىي ئەمەس. ياخشى گەپنى قىلساڭمۇ خەق يامان گەپكە ئايلاندۇرۇپ گۇمان قىلىدۇ، «بۇ گەپتە بىر سىر بار، پىچىرلاپ سۆزلەشتى» دەيدۇ. شۇڭا، جامائەت بار يەردە، ئولتۇرۇشتا بىرسىگە گېپىڭ بولسا، ئاشكارا سۆزلە، زۆرۈر بولمىسا، پىچىرلاپ سۆزلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق.

* * *

بىر ئىشنى بىلىدىغان كىشىگە ئۇچرىساڭ، ئۆزۈڭنى بىلمىسىز دەرىجىدە تۇت، چۈنكى، بىر بىلىم ئىگىسىگە يولۇققاندا «سەن بىلگەننى مەنمۇ بىلىمەن» دېسەڭ، ئۈچ تۈرلۈك پايدىدىن مەھرۇم بولىسەن: بىر پايدىسى شۇكى، ئەگەر مەن بىلمەيمەن دېسەڭ، بۇبىلىملىك ئادەم ئۇ ئىشنى سەن بىلگەندەك ئىشلىسە، مەنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش بىلىدىكەنمەن، دەپ تەشەككۈر ئېيتىسەن. ئىككىنچى پايدىسى شۇكى، ئەگەر سەندىن ئارتۇق ۋە ياخشىراق ئىشلىسە، ساڭا يېڭى بىر ئىلىم ھاسىل بولىدۇ، كەمچىلىكىڭ تۈزىتىلىدۇ. ئۈچىنچى پايدىسى شۇكى، ئەگەر ئۇ ئىشنى سەندىن كەمرەك، ناچارراق ئىشلىسە، سېنىڭ ئۇ كىشىدىن كامىلراق ئىكەنلىكىڭ ئاشكارا بولىدۇ.

* * *

ئەگەر سىرىڭنى دۈشمەن بىلمىسۇن دېسەڭ دوستۇڭغىمۇ ئېيتما.

* * *

ئۆزۈڭدىن تۆۋەن ئادەمگە مۇھتاج بولماقتىن قىيىن ئىش يوقتۇر.

* * *

قېرىغاندا بىر يەردە تۇرغىن، چۈنكى قېرىلىقتا سەپەر قىلىش ئەقلى بار كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس. خۇسۇسەن قېرىلىقتا كەمبەغەل بولساڭ سەپەر قىلما. ئىككى دۈشمەن بىلەن يولغا چىقماق خاتا: قېرىلىق ساڭا ئىككىنچى بىر دۈشمەن بولسا، كەمبەغەللىك بىر دۈشمەن. ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ، ئىككىنچى بىر يۇرت - دىيارغا كەتسەڭ، ئۇ يەردە مەئىشىتىڭ كەڭ - پاراۋان بولسا، قايتا ئۆز يۇرت - شەھىرىڭگە قايتما. چۈنكى، كىشىنىڭ مەئىشىتى قەيەردە ياخشى بولسا، شۇ يەردە تۇرۇش ياخشىراق، شۇ يەردە تۇرۇش لازىم. «تۇغۇلغان يېرىمدە ئۆلۈمەن» دېيىش ھاجەتسىز. گەرچە ۋەتەن ئىككىنچى ئانا دېيىلسىمۇ ياكى ۋەتەننى سۆيمەك ئىمان جۈملىسىدىن دېيىلسىمۇ، بەختىڭ قەيەردە ئېچىلسا، شۇ يەردە ۋەتەن تۇت - كۆرمىدىڭمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇغۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرى مەدىنىدە غەلىبىگە ئېرىشتى، مەككىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنمۇ مەدىنىدە تۇردى. سەنمۇ پايدىلىق ئىش تاپقان يەردىن ئايرىلمىغايسەن. چۈنكى، تۇرمۇش مەئىشىتىڭ ياخشى ئۆتكەن يەرنى تاشلاپ كەتسەڭ ناشۈكۈرلۈك بولىدۇ. بىر ياخشى نەرسىگە ئېرىشسەڭ

ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى تاپمەن، دەپ قولۇڭدىكىدىن ئايرىلىپ قالمىغايسەن.

* * *

زىياپەتتە بېشىڭنى تۆۋەن تۇتقىن. كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قولىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى چوڭ ئەيىبتۇر.

* * *

شاراب ئىچكەندە كۆپ ئىچمە، شارابنى كۆپ ـ مەست بولغۇدەك ئىچكەنىنىڭ ئىككى تۈرلۈك زىيىنى بار: بىرى ھەممە ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز ھەرىكەتلىنىدۇ. تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ. پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ. قولۇڭ تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ. كۆزۈڭ قارىمايدىغانغا قارايدۇ. ئاغزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئەزالىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى يەرگە ئۇرۇپ، رەسۋا بولىسەن. ئىككىنچى، شاراب تەسىرى بىلەن مېڭە، جىگەر، يۈرەك زەھەرلىنىپ، ساغلام بەدەننى زورلاپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىسەن.

* * *

ئەگەر مېھماندارچىلىققا بارساڭ، بەك ئاچ قورساق بارما، بەك توقمۇ بارما. چۈنكى، مېھمان بولۇپ بېرىپ بىر نەرسە يېمىسەڭ، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئەگەر بەك ئاچ بېرىپ كۆپ يېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئەيىبلەشكە سەۋەب بولىدۇ، ئوتتۇرا ھال بارغىنىڭ ياخشى.

* * *

دانالار ئېيتقانكى: «مەنى ـ ئىككى پۇتۇڭنىڭ يىلىكى ۋە ئىككى بىلىكىڭنىڭ قۇۋۋىتى، كۆزۈڭنىڭ نۇرى، ئەمدى قانداق قىلىش ئىختىيارىڭدا.»

* * *

بۈگۈنكى مېھنەت ـ ئەتىنىڭ راھىتىدۇر.

* * *

ھېچ ۋاقىت خوتۇنۇڭغا يامانلىق قىلما. خوتۇنۇڭ ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭنى خۇش تۇتۇشۇڭ كېرەك. خوتۇنۇڭمۇ سېنى ئاتا ـ ئانىسى ئورنىدا كۆرۈپ مۇھەببەت باغلىسۇن. ساڭا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلسۇن. ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشى دوست بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭغا قاتتىقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلساڭ، ساڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن بولمايدۇ. يات دۈشمەندىن ساقلىنىش مۇمكىن، ئەمما خوتۇنۇڭ بىلەن ئوتتۇراڭدا دۈشمەنلىك بولسا ساقلىنىش مۇشكۈل.

* * *

ھەر كىشىگە ئاتا ـ ئانىسى ئەدەب ـ تەربىيە ئۆگەتمىسە، زامان ئۇنىڭغا تۈرلۈك جەبرى ـ جاپالار ئارقىلىق تەربىيە بېرىدۇ.

* * *

بىر كىشى خاتالاشسا، گۇناھىنى تونۇپ ئۆزرە بايان قىلسا، خاتالىقى ۋە گۇناھىنى كەچۈرگىن، چۈنكى ئادەم خاتالىق ۋە گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىدۇر. گۇناھ ئەڭ ئاۋۋال ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدا كۆرۈلگەنىدى. بۇزات ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى. ئادەم ئەلەيھىسسالام گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ ئىستىغپار ئېيتقانىدى، تۆۋىسىنى تەڭرى قوبۇل قىلدى.

---

توپلىغۇچى: سېيىت تىلىۋالدى

## ھېكمەتلەر

▲ كىمدە كىم قېرىنداشلىرى سەۋەبى بىلەن ئۆزىگە ئابروي ئىزدىسە ۋە ئۆلگەن ئەجدادلىرى بىلەن ماختانسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئۆلۈك، ئەجدادلىرى تىرىك ھېسابلىنىدۇ.

▲ دۇنيادا ئالتە نەرسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ: بۇلۇتنىڭ سايىسى، ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى، ۋاپاسىزنىڭ مۇھەببىتى، ھارام بايلىق، مۇستەبىت ھاكىم، ساختا شان ـ شۆھرەت.

▲ تۇرمۇشتا ئىدىتلىق كىشىلەر «باردەپ تۆكمەيدۇ، يوق دەپ كۆپمەيدۇ.»

▲ ئۇنۋاننى ھەركىم باسقان يولىغا، قىلغان ئىشىغا، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە قاراپ ئالىدىغان نەرسە! بولمىسا مۇنداق شان ـ شەرەپنىڭ قاپاقتا كەيدۈرگەن تاجدەك قىلچە ئېتىبارى بولمايدۇ.

▲ جاپا ـ مۇشەققەت ـ ئىنسانلارنىڭ ئۇستازى.

▲ كاللىسىدا ئىللەت بولسا سۆزىدە مەنتىق بولمايدۇ.

---

توپلىغۇچى: مۇسەيىن ئىمىنھاجىM1



# ئېسىل پىكاپتىن ئىككىنى كەم سېتىۋېلىش بەدىلىگە بىر قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك مەبلەغنىڭ يېرىمى ھەل بولدى

## كۇچا ناھىيىسى رەھبەرلىرى پىكاپ سېتىۋالىدىغان 1 مىليون 400 مىڭ يۈەننى «كۇسەن مەدەنىيەت مەركىزى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆتۈنۈپ بەردى

ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ھەشەمەتلىك پىكاپ سېتىۋېلىش ئەۋج ئېلىۋاتقان چاغدا، كۇچا ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئىمپورت قىلىنغان ئالىي دەرىجىلىك ئىككى پىكاپ سېتىۋېلىشقا ئاجرىتىلغان 1 مىليون 400 مىڭ يۈەننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن «كۇسەن مەدەنىيەت مەركىزى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە ئۆتۈنۈپ بەردى. نەتىجىدە بۇ قۇرۇلۇش تۈرىگە كېرەكلىك مەبلەغنىڭ ئاز كەم يېرىمى بىراقلا ھەل بولدى.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ دائىرىسى كەڭ، يېزا - مەيدانلارنىڭ جايلىشىشى تارقاق بولغاچقا، يېقىندا ئالاقىدار ئورۇنلار ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە بىردىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن يېڭى ئەۋلاد «تويوتا» ماركىلىق پىكاپ سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىپ بەرگەنىدى. بۇ ئىككى پىكاپنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن راسخوت كېتەتتى. لېكىن شۇ چاغدا سېلىنماقچى بولغان «كۇسەن مەدەنىيەت مەركىزى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ھەل قىلىشمۇ ناھايىتى قىيىن بولۇۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گولبىشاڭ بىلەن ھاكىم بارات ھەسەن مەسلىھەتلىشىپ، يېڭى پىكاپ ئېلىشقا ئاجرىتىلغان 1 مىليون 400 مىڭ يۈەننى «كۇسەن مەدەنىيەت مەركىزى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى، بۇ قۇرۇلۇشنى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتالغان سوۋغات ۋە ناھىيە خەلقىگە قىلىپ بېرىلگەن ئەمەلىي ئىش سۈپىتىدە ئىمكانقەدەر بۇ يىل پۈتتۈرۈشنى، ئۆزلىرى يەنىلا 80 - يىللاردا سېتىۋېلىنغان كونا پىكاپتا ئولتۇرۇشنى قارار قىلدى.

ھاكىم بارات ھەسەن بۇ ھەقتە مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: پىكاپ ئالىدىغان پۇلنى «كۇسەن مەدەنىيەت مەركىزى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش خەلقىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. بىز كونا پىكاپ بىلەن سەپەر ئۈستىدە باشقىلارنىڭ كەينىدە قالساقمۇ، خەلقىمىز مەدەنىيەت جەھەتتە باشقىلارنىڭ كەينىدە قالمىسىلا بىز شۇنىڭدىن رازى.

**غەيرەت ئۆمەر**

**ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىلاۋىسى:** بۇ خەۋەر «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بۇ يىل 11 - فېۋرال سانىنىڭ 1 - بېتىگە باش خەۋەر قىلىپ بېسىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەھرىر سۆزى بېرىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ خەۋەردە كۇچا ناھىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ پىكاپ سېتىۋالىدىغان پۇلنى «كۇسەن مەدەنىيەت مەركىزى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىدەك كىچىككىنە بىر ئىش بايان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ھەشەمەتلىك پىكاپ سېتىۋېلىشتا بەسلىشىۋاتقان، مەركەز، ئاپتونوم رايون بۇنداق ناچار خاھىشنى زور كۈچ بىلەن چەكلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كۇچا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بىلەن ھاكىمنىڭ پىكاپ ئالىدىغان پۇلنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەلقنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بىر قۇرۇلۇش تۈرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشى ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس،




(1995 - يىل 2 - سان، ئومۇمىي 20 - سان)

بەلكى تەشەببۇس قىلىشقا، كېڭەيتىشكە ئەرزىيدىغان ئومۇمىيلىققا ئىگە چوڭ ئىش.
بىز باشقا رەھبىرىي كادىرلارنىڭمۇ كۇچا ناھىيىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا ئوخشاش ئۆزى جاپا چەكسىمۇ خەلقنى، ئومۇمىيلىقنى كۆپرەك ئويلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز

## يەكەن ناھىيىلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە ئاتلاندى.

قەشقەر ۋىلايىتى، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىدە ئىزچىل تۈردە ئىلغار بولۇپ باھالىنىپ، تەقدىرلىنىپ كېلىۋاتقان يەكەن ناھىيىلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى شان - شەرەپنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئارقىلىق كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن يېقىندا ناھىيە تەۋەلىكىدىكى ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرى، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار ۋە ئۆمەكتىكى ئارتىسلاردىن بولۇپ 60 تىن ئارتۇق كىشىنى قاتناشتۇرۇپ ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.
يىغىندا ئالدى بىلەن يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1994 - يىل 6 - سانىنىڭ «سەنئەت ئىسلاھاتى» سەھىپىسىگە بېسىلغان «سەنئىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى ئىللەتلەر توغرىسىدا دەسلەپكى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالىسى ئۆگىنىش قىلىنىپ، ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ تونۇشى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئۆمەكنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىجاد قىلىپ سەھنىلەشتۈرگەن ھەرخىل ژانىردىكى ناخشا - ئۇسسۇل، كومېدىيە، كۈلدۈرگە نومۇرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلەندى. مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە بۇ يىل ئىچىدە ئىجاد قىلىپ سەھنىلەشتۈرۈلىدىغان نومۇرلارنىڭ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كونكرېت تەلەپلەر تەكىتلەندى.

مۇھەممەت مۇسا

## «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق ئەدەبىي خاتىرەكەڭ جاماەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى

كۆپلىگەن ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان تالانتلىق ياش يازغۇچى، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسىنىڭ سىنارىستى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994 - يىل 1 - ، 2 - سانى (قوشماسان) دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە كۈچلۈك تەلىپىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن بۇ ئەدەبىي خاتىرىنى «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، «ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيىسى» گېزىتى، «تەقدىرداش» ژۇرنىلى كۆچۈرۈپ باستى؛ ئارقىدىنلا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 40.000 تىراژدا كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدى؛ خەمىت خالىقنىڭ نەشر قىلدۇرۇشى، ئابدۇقەييۇم ئىمىنىنىڭ ئىجراسىدا گەنسۇ ئۈن - سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن قوش قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلىنىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى تارىخىدا ئەڭ كۆپ كۆچۈرۈپ بېسىلغان ئەدەبىي خاتىرە بولۇپ قالدى.
ئاتاقلىق ئالىم، ئەدىب ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «مىللەت ساپاسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت» ناملىق ماقالىسىدا بۇ ئەدەبىي خاتىرىنىڭ زور ئىجتىمائىي تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «تالانتلىق يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەرنىڭ ‹يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام› ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىنىڭ جامائەت ئىچىدە شۇنچە زور تەسىر قوزغىشى - بۇ ئەسەر بېسىلغان ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلى بىلەن ‹ئاسىيا كىندىكى› گېزىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەخسۇس رىسالىنىڭ قولدىن قولغا ئۆتۈپ، پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، ھەتتا بۇ گېزىت - ژۇرناللارنى سېتىۋالمىغان كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئەسەرنى كۆپەيتىش ئاپپاراتىدا كۆچۈرۈپ ئېلىپ، مۇھىم ماتېرىيال سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇشلىرى، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ نەچچە مىڭلاپ سېتىلغانلىقىغا قارىماي يەنىلا يېتىشمەيۋاتقانلىقى، ئاشخانا، چايخانا ۋە ماشىنا بېكەتلىرىدە يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى زوق - شوخ بىلەن ئاڭلاشلىرى، قىسقىسى ھەممە يەردە مۇشۇ ھەقتە پاراڭ بولۇۋاتقانلىقى ھەرگىز تاسادىپىي ھالەت ئەمەس. دېمەك، كىشىلەر مىللەت ساپاسى بىلەن مىللەت تەقدىرىنىڭ نەقەدەر زىچ ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىر قەدەر چۈشىنىپ يەتكەندەك قىلىدۇ. بۇ، ھەممىمىز خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش.»

M3 رىسالەت مۇھەممەت (ئۆز مۇخبىرىمىز)





# بىزدىكى ئىللەتلەر

## نىزامىددىن ھۈسەيىن

ئىللەت تۈزەلمىگۈچە مىللەت تۈزەلمەس

ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

## بىزدىكى توي - تۆكۈن ھەشەمەتچىلىكى

ئۇيغۇرلاردا قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەڭتۇشلۇق، ئىختىيارىيلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلاشقۇچىلار رازىلىق بىرىشكەن، ئەلگە ياققان نىكاھ تويى ـ ھەقىقىي ھەم مەڭگۈلۈك توي ھېسابلىنىدۇكى، پۇل، مال - دۇنيا، يۈز - ئابروي، نەسىل - نەسەپ، مەنسەپ - ئىمتىياز. . . غا يۈزلەنگەن قىز - يىگىت تويى ئەزەلدىن توي - تۆكۈن ئەنئەنىسى سانالغان ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن توي - تۆكۈن قائىدە - مىزانلىرىمىزدا، جۈملىدىن «نىكاھ - توي رىسالە» مىزدە بىزنىڭ بۇ قارىشىمىز مۇنداق دەلىللەنگەن:

«. . . نىكاھدىن مۇددىئا: نىكاھى قېتىلغان ئىككى ئەھلى مۆمىن (قىز - يىگىتنىڭ ـ ئا) نىڭ پاك، خالىس خۇدايى بەندىچىلىكى ئۈچۈن، ئەبەدىلئەبەد جۈپتى ھەمدە ملىكى ئۈچۈن، خۇدالىق



پەرزەنت ئۈچۈندۇر. . . نىكاھى قىيتىلغان مەزكۇر مۆمىنلەرنىڭ نىكاھ - توي مۇراسىملىرى ئاشكارا ۋە خۇپىيانە تامادىن، زورلۇق، ناشايان ئەلەمدىن، كۆپىرانە ھەشەم - مالامەتلەردىن، دەپسەندە - دۇنيا سارىسىملىرىدىن، نەھى ھارام (قويۇق - سۇيۇق، قاتتىق - يۇمشاق مەست ۋە بىھوش قىلغۇچى نەمى بۇيۇملار - ئا) دىن، قەرزدىن، بىچارىلىق ئەلەمدىن، شەرمى ھاياسىزلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي ھەم بەندىلىكتە ساۋابلىقى روشەن ئادەت - يوسۇنلار بىلەن تامام بولمىقى شەرتتۇر. . . »

توي مۇراسىملىرىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - يوسۇنلار توغرىسىدا بۇ رىسالىدە يەنە تۆۋەندىكى زۆرۈرىيەتلەر قەيت قىلىنغان: « . . . نىكاھى قىيتىلغان مەزكۇر ئىككى مۆمىنىنىڭ ھەقدار ھامىيلىرى ( ئاتا - ئانا، بىۋاستە قېرىنداشلىرى - ئا) نىڭ خۇدالىق خالىس شەپقەت - شاپائىتى، مۇراد - مەقسەت بىرلىكى، ھەمدەملىك ئېتىبارى مەزكۇر ئىككى مۆمىنىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىقبال ۋە تەقدىرىگە مەنبەدۇر. . . نىكاھى قىيتىلغان مەزكۇرلەرنىڭ نىكاھ - توي سورۇنلىرى بىلەن مەسۇمە (قىز - ئا) نىڭ تويلۇق ھەققى مېھرى، تويلۇق بوغچىلىرى، باراۋەت. . . لىرى قۇدىلار ھەم نىكاھى قىيتىلغان ئىككى مۆمىنىنىڭ نەقتانە مال - دۇنيا مادارىغا بىنائەن ھەم شۇلارنىڭ قۇربىتى، رازىلىقى بىلەن زەخمىسىز، زورلۇقسىز ئۆتمىكى خۇدالىق دالالەتتۇر. . . نىكاھ - توي ئىنسان ئۈچۈندۇر. مال - دۇنيا، مەئىشەت ئۈچۈن. . . بولمىقى ھارام ۋە دىنىمىزغا مۇخالىپتۇر. . . »

بۇ رىسالىدە يەنە: « . . . مەسۇمە قىز تەرىپىدىن ئۈچ ھامىيە (قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، چوڭ ئاتا، چوڭ ئانىسى، بىۋاستە ھامىيلىك يەتكۈزگەن چوڭ قېرىنداشلىرى - ئا)، يىگىتتىن بىر ھامىيە ( ئاتا - ئانىسى - ئا) تويدىن خالىس نېسىۋە ئالماق جايىزدۇر. . . غەيرىيلەرنىڭ نەپ ئالمىقى ھارامدۇر. . . رەئىيە - پۇقرانىڭ قىزلىق توي بوغچا - بوغۇنچىلىرى قوش قاتتىن لىباس (جۈپ - جۈپتىن باش - ئاياغ، ئىغىزمان كىيىملىرى - ئا)، قوش - قوشتىن ئەۋرەت كىيىملىرى (ئىچ كىيىملەر كۆزدە تۇتۇلغان - ئا)، ئىچ - تاش لىچەكلەر (ئىككىدىن باش ياغلىقى كۆزدە تۇتۇلغان)، ئېرىغ مالدىن زىبۇ زىنىنەت (زەردارلار ئالتۇن، ئادەتتىكى پۇقرا كۈمۈشتىن زىرە، بىلەزۈك، ئۈزۈك كۆزدە تۇتۇلغان - ئا) لەر بىلەن تەللەنمىكى ئەزەلدىن ئادەتتۇر. . . مەسۇمە قىزنىڭ توي لىباسلىرى (توي كىيىملىرى) ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن ھەم لايىق تەل قىلىنمىقى، قەرز ئېلىپ تۇرغان بولماسلىقى تەلەپتۇر. . . مەھبۇبىنى رازى ۋە مەمنۇن قىلماق، ئەلەمسىز خەۋەر ئالماق، كىيىندۇرمەك. . . ئەرگە ئۆمرىۋى شەرت ھېسابلانغاي. مېھرى پاكلىقىنى ئېرىدىن غەيرىيگە بۇزماقتىن، ئەر ئەمرىگە خىيانەت قىلماقتىن خالىي ۋە يىراق بولماق، ئائىلە، پەرزەنت ۋە خۇدايى تىرىكچىلىكتە ئەرگە ھەمىياران بولماق، مېھرىنى بەرمەك خاتۇنغا خۇدالىق ئەمەل - مەجبۇرىيەتتۇر. . . »

«توي رىسالىسى» دە يەنە: « . . . نىكاھى چۈشكەن ئىككى مۆمىنىنىڭ ئاللا ئالدىدىكى ئىنسانلىق تەڭ - باراۋەرلىكى، ۋابال، ساۋابىنىڭ ئورتاقلىقى، رىزقى - تەقدىرىنىڭ ۋە ھەم دىيانەت - ساداقىتىنىڭ بىرلىكى مەزكۇر مۆمىنلەرنىڭ ئىرادە - ئىختىيارىغىلا خاستۇر، دەخلىسىزدۇر. . . » دەپ تەكىتلەنگەن.

بۇ رىسالىدە يەنە: « . . . توي - نىكاھ جارىستانلىرى (توي - نىكاھ سورۇن، مۇراسىملىرى كۆزدە تۇتۇلغان - ئا) نى بىر چاي، بىر توي، بىر مەشرەپ، بىر سالام، بىر چاقىرماق، بىر يۈز ئاچقۇ ۋە بىر خاتىمە دۇئا داستىخىنى بىلەن ئاخىرلاتماق لازىمدۇر. مۇسۇلمانىنىڭ توي، پاتىھە سورۇنلىرىدا بەدخەجلىك كۆرسەتمەك، بۇزۇپ - چاچماق، زايا قىلماق، داستىخان تائاملىرىنى تۆكمەك، مەئىشەت ئىسراپچىلىقىنى پەيدا قىلماق قاتتىق گۇناھدۇر. ئىنسان خىسلىتىگە زىت قىلمىشتۇر. . . » دېيىلگەن.

تويلاشقان قىز - يىگىتنىڭ تويدىن كېيىنكى ئۆمۈرلۈك مۇناسىۋەت، مەجبۇرىيەتلىرى بۇ رىسالىدە يەنە مۇنداق قەيت قىلىنغان: « . . . يىگىتكە تەلەپ: ئەي يىگىت بىر ئۆمۈر ئاگاھ ۋە ۋاقىپ بولۇڭكى، مەھبۇبىڭىزدىن بىر ۋەخسەت نېرىسى ئۈچ ئايلىق، يېقىنى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە تاشلاپ كەتمىگەيسىز. ئۈچ مۇراتىۋە قەستەن گۇناھ سادىر قىلمىغۇنچە بىر زەررە (تاك ئېتىپ) چەكمىگەيسىز. ئۆمۈرۋايەت خارلىق - خۇۋاھلىقتا، پەقىرچىلىكتە، پۇغان - ئەلەمدە قالدۇرمىغايسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى خارلىق - خۇۋاھلىقتا. . . يامان كۈن، ناشايان تىرىكچىلىكتە قالدۇرمىغايسىز. سەۋدايى غەزەپ، ناشايان گۇمان بىلەن ۋە ياكى مەست - بىھوشلۇقتا نىيەت بۇزۇپ گۇناھى پاكىتسىز ‹تالاق›، تۆھمەت قىلمىغايسىز. . . »

« . . . قىزغا تەلەپ: ئەي مەزلۇمە! ئاگاھ ۋە ۋاقىپ بولغايسىزكى، كيويىڭىزنىڭ ئىككىلا ئالەملىك ھەققى - نەسىۋىسىگە، مېھرىگە قارا سانىمىغايسىز. نامەھرەمگە قارىمىغايسىز. ئەرنىڭ ھالال ئەمرى، لەۋزى، ئەرلىك ھۆرمىتىگە مۇخالىپ ھەۋەسكە، شەيتان ۋەسۋەسىسىگە بېرىلمىگەيسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن تايمايدىغان، ۋاپادار، تەن دۇرۇس، مۇسۇلمان، ئەھلى ۋەتەن، ھالالچى، ئىشچان، ئەدەبلىك. . . ئادەم قىلىپ ئەۋلادى خىللىقىنى ۋە ئەۋلادى پاكلىقىنى. . . ئادا قىلغايسىز. . . »

ئىسلامىيەتنىڭ توي - تۆكۈن قائىدە - پرىنسىپلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئەنئەنىۋى نىكاھ - توي قائىدە - يوسۇنلىرى زىچ بىرىكتۈرۈلگەن ۋە ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇ خىل يەرلىك «توي - نىكاھ رىسالى»سى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى توي - تۆكۈنچىلىك تارىخىمىزدىن قىممەتلىك بىر يازما نەمۇنىدۇر.

ئەجداد ئەدىبلىرىمىز تەرىپىدىن ئەنئەنىۋى توي - تۆكۈن قائىدە - مىزانلىرى سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان يەنە باشقا بەزىبىر يازما خاتىرىلەردىمۇ قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەڭتۇشلۇق، جىسمانىي سالاھىيەت، ئىختىيارلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلار رازىلىق بېرىشكەن، ئەل - يۇرت لايىق بىلگەن، مادارى يەتكەن خىراجەت مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ سورۇن ئاچقان، داستىخان يايغان، ئادەت، قائىدە ئورۇنلىغان، ئاقىۋەت تەقدىرىگە قەرز، دەرد قالمىغان تويىنىڭ دىنىمىزدا «سۈننەت» ھېسابلانغان خۇدالىق پاك توي ھېسابلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

خەلقىمىز ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بالايىئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ كۆڭلىنىڭ سىرىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ھالى - كۆڭلى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ جەمئىيىتىمىز بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئارىسىدا پۇلغا چوقۇنۇش (پۇلنىلا كۆزلەش، پۇلنىلا ئويلاش، پۇل ئۈچۈن ھەر قانداق قىلىق - قىلمىشلاردىن يالتايماسلىق، ساختىپەزلىك، ھارامخورلۇق، ئالدامچىلىق. . . قىلىش) خاھىشلىرى باش كۆتۈرۈپ جەمئىيەتلىشىپ كەتتى. پۇل ھەممىگە قادىرلىشىپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە چىرىكلەشكەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ، چىرىكلەشكەن ئىجتىمائىي كەيپ - ساپاچىلىقنىڭ ۋە چىرىكلەشكەن ھەم تېخىمۇ ياۋۇزلاشقان پۇل تېپىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەۋج ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ھالدا مىللىي ئالغ، مىللىي قائىدە - مىزان (يۇقىرىقىدەك توي - تۆكۈن رىساللىرى)، مىللىي ئەخلاق، مىللىي تۇرمۇش ئەنئەنىلىرىنىڭ رولىنى، خىسلەت - خاسىيەتلىرىنىڭ پاكلىقىنى، شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ قېلىش، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى قوغداپ قېلىش، شۇ ساھەلەرنىڭ ئالىم، ئۆلىما، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پاكلىق پەزىلەتلىرىنىڭ راۋاجىنى قوغداپ قېلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پۇل - بايلىق ھېسسىياتى ئۈستىدە زامانىۋى مەدەنىيەت، زامانىۋى ئەقىل - ئىدراك ھۆكۈمرانلىق قىلمىسا، ئۇ خىل پۇل - بايلىق ھېسسىياتى ئاقىۋەت چېكىدىن ئاشقان ئىجتىمائىي چىرىكلىكنى، پۇلدار شەخسلەر ۋە پۇلدار تەبىقە - گۇرۇھلارنىڭ ھەر خىل بۇزغۇنچىلىقلىرىنى، ئېكسپىلاتاتسىيە، ئېزىش ئىمتىيازلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەت كەيپىياتى بۇزۇلىدۇ. بۇ خىل پۇلغا چوقۇنۇش غايىسى - ئاقىۋەت كىشىلەرنى مىللىي روھتىن، ۋىجداندىن، قەدىر - قىممەتتىن ھەتتا بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىمىزنىڭ ساغلام روھىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بىزدە ھازىر باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىجتىمائىي كەيپىيات چىرىكلىكى ھەم بۇ خىل چىرىكلىكنىڭ تۈر - تەركىبلىرىدىن بىر ساھە بولۇپ تۇرغان توي - تۆكۈن مۇراسىملىرىدىكى تۆۋەندىكى ئىللەتلەر يۇقىرىقى قارىشىمىزنىڭ دەلىلىدۇر:

1. **قىز - يىگىت تويى - تاپاۋەت تېپىش يۈرۈستى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بەزىبىر گۆزىنى «مەن» چاقلايدىغان پۇل - ۋەج خۇمار كىشىلەر بالاغەتكە يەتكەن مەسۇمە قىزلىرىنىڭ نىكاھ - توي يۈرۈستىنى تاپاۋەت تېپىش، نام - شۆھرەت قازىنىش يۈرۈستى قىلىۋېلىپ بولغۇسى كۈيئوغۇل تەرەپنى ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كۆلپەتلەرگە دۇچار قىلىشىۋاتىدۇ:** مەن ئۆتكەن يىلى يازدا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ھەم مۇلازىمەت مەسلىھەتچىلىكىنى قىلغان بىر قىز - يىگىت تويىنىڭ ئوغۇل تەرەپ چىقىم خاتىرىسىدە مۇنداق قۇرلارنى ئۇچراتتىم: «. . . قىزنىڭ تويلۇق كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت. . . چىقىمى 19 مىڭ 750 يۈەن، قۇدىلار سورۇنى داستىخانلىرى 10 مىڭ 200 يۈەن، توي ھەم ھەر خىل جايلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك چىقىمى 9900 يۈەن، توي ۋېچىركا چىقىمى 7500 يۈەن، توي - مەرىكىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ماشىنا - پىكاپلار، سازەندىلەر، ناغرىچىلار، سۈرەتچىلەر، سىنئالغۇچىلار، ئاشپەزلەر، خىزمەت قىلغانلار. . . چىقىمى، زال ئىجارىسى، سۇنغان قاچا - قومۇچ، بۇزۇلغان مۈلۈك - جاھازلار ئۈچۈن كەتكەن چىقىم جەمئىي 11 مىڭ 400 يۈەن، قىز - يىگىت ئۆيىنى جابدۇش - ئۇلارنى رازى قىلىش چىقىمى 22 مىڭ 140 يۈەن ھەم باشقا قوشۇمچە چىقىملار 1100 يۈەن. . جەمئىي 81مىڭ890يۈەن».

تۆت يەردە تىجارەت دۇكىنى، چەت ئەللەرگە بېرىپ - كېلىپ تىجارەت قىلىش ئىمتىيازى بار ھاجى ھەرەمەيىن، ئەل - خالايىق ئارىسىدا «ئىمان»، «ۋىجدان»، «مىللەت»، «غۇرۇر»، «ئەخلاق» دېسە ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان بۇ يېقىن بۇرادىرىم XX ھاجى بايۋەتچى ئارزۇلۇق ئۈچ قىزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بىرسىنى ھازىرقى چاغلاردا ئوتتۇرا ھال باھالىق بىر پىكاپنىڭ باھاسىغا توغرىلاپ بازارغا سالغان. ۋەھالەنكى، ئۆزى بولسا قىزىنىڭ قىزلىق ئۇزاتمىسىغا ئارانلا 12 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا چىقىم ئاتاپ بولدى قىلغان. دېمەك، بۇرادىرىم XX ھاجى بايۋەچچى ئوماق بىر قىزىنى مېھرىبان كۈيئوغۇل بالىسىغا ئەمەس بىر نەچچە ساندۇق لاتا - پىتىگە، بىر سىقىم زىبۇ زىننەت بۇيۇمىغا، بىر تالاي ھەشەم كۆزنەكلىرىگە، ناھايىتى داغدۇغىلىق ھەشەم ئاتىقىغا بېرىۋەتكەن.

شۇنىڭغا ئېچىنماي تۇرالمايمىزكى، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى پاك مۇھەببەتنى مەنبە قىلغان توي - نىكاھ ئادىتىمىز ئەمدىلىكتە بولسا ئەنە شۇنداق ئېغىرلاشتۇرۇلغان تويلۇق پۇل - ۋەج زەربىسىگە، ناھايىتى كۆپ دەردىسەرلىك كەيپ - ساپاچىلىق ۋە ئۇچىغا چىققان شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ زەربىسىگە، تاپتىن چىققان پۇلپەرەسلەرنىڭ زەربىسىگە دۇچ كەلمەكتە.

ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىش چىقىمىنىڭ بۇ خىل ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقان قۇدىلاشقۇچى ئاتا - ئانىلارنى، توي قىلىشقا پۇل تېپىش ئۈچۈن ئوغرىلىق، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق، ھەتتا بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ تۈرمىلەرگە كىرىپ قېلىپ ياشلىق باھارى - ئۆمرىنى نابۇت قىلىۋەتكەن قىز - يىگىتلەرنى مۇشۇ چاغلاردا خېلى ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ پۇلپەرەسلىرىمىز بۇ خىل ھادىسىلەرگە ئېچىنىۋاتامدۇ ياكى كۈلۈۋاتامدۇ؟

پۇل - ۋەج نىكاھ - مۇھەببەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشكە يۈزلەنگەندىن بېرى جەمئىيىتىمىزدە ھەر خىل ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىقلار يامراپ كەتكەندىن باشقا، تولا ئاجرىشىدىغان، توي قىلىشنى خالىمايدىغان، توي - نىكاھسىز جىنسىي بۇزۇقچىلىق قىلىشىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. خاپىلىقتا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان، چېكەرمەن، ئىچەرمەن بولۇپ قالىدىغان، نومۇسىنى ساتىدىغان، ئۆلۈۋالىدىغان، ساراڭ بولۇپ كېتىدىغان ۋە باشقا ھەر خىل رەزىللىكلەرنى قىلىدىغانلار ئاۋۇپ مىللىي ئەخلاقنى، جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزۇۋاتىدۇ. توي - تۆكۈن چىقىملىرىنى ئاشۇرۇۋېتىش، ھەشەمخورلۇق، داغۋازلىق، ئاچكۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك... بىلەن ئەنئەنىۋى توي - مۇراسىم ئادەتلىرىنى ۋەيران قىلىش - جامائەت ۋە جەمئىيەتكە مەنسۇپلاشقان ئىجتىمائىي ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈپ، ئەسلىدە ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ماددىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، مىللىي تەقدىرىمىزنى خارابلاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى ئېغىر مىللىي بۇزۇلۇشنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

**2. توي - تۆكۈننىڭ تەقدىرى مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان بەزىبىر قۇدىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋاتىدۇ:** ئەركىن نىكاھ - مۇھەببەت نىكاھلانغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق بېغىشلىشى لازىم ئىدى. ۋەھالەنكى، بىزدە بۇنداق مۇھەببەتمۇ پۇل ۋە شۆھرەت مەقسەت قىلىنغان نىكاھقا ئۆزگەرتىلىپ ۋە بەزى ئاتا - ئانىلار ئۇنى ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ، سودىغا ئايلاندۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، قۇدىلاشقۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باشتىلا قىز - يىگىت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىق ھالدا تولىمۇ سىرلىق ۋە ساختا قىياپەتكە كىرگەن بولۇپ، ھەممە ئىش «قىل» ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ «قىل» تىزگىنىنى بىر قانچە گەپدان، تادان دەللاللار ۋە ياكى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگۈچى «توي مەسلىھەتچىلىرى» تۇتقان بولىدۇ. تويىنىڭ ئالدىدىكى ئەلچىلىكتىن تويىنىڭ ئاخىرىدىكى رەسمىيەتلەرگىچە ئىككى ئائىلە كۆرۈنۈشتە ئىناق، ئەمەلدە بىر - بىرىنىڭ پېيىدە يۈرۈيدۇ. قۇدىلارنىڭ كېلىشەلمەسلىكى، يالغان ھېجىيىشلىرى، تويى بولغان بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئارىلىشىپ قاملاشمىغان سۆز - چۆچەكلەرنى قىلىپ يۈرۈشلىرى ئاقىۋەت تويى بولغان يىگىت - چوكانلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇپ، يېڭى زىددىيەتلەرنى تۇغدۇرىدۇ. بۇ قىلمىش جەمئىيەتتە باش كۆتۈرگەن نىكاھدىن ئاجرىشىش، ئائىلە بۇزۇش، ئىچەرمەن، چېكەرمەن بولۇپ كېتىش، جېدەل - ماجىرا ھەتتا ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي مېيىپلىك، ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىلىرى... نىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ.

**3. توي - تۆكۈن سورۇنلىرىمىز ھەشەمخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك سورۇنلىرىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ:** ئەنئەنىۋى تويلىشىش ئادىتىمىزدە «چوڭ چاي» ياكى «مەسلىھەت چېيى» دا تويىنىڭ ۋاقتى، تەييارلىق ئىشلىرى ئۈستىدىلا كېڭەش بولاتتى. قىزنىڭ تويلۇق كىيىمى، زىبۇ زىننەت ئېھتىياجى كۆپىنچە قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا قالدۇرۇلۇپ، چوڭلارنىڭ جۇملىدىن باشقىلارنىڭ ئارىلىشىپ يۈرۈشلىرى ھاجەتسىز ئىدى. «چاي» دا ئەلچىلەرنىڭ رولى چوڭ بولۇپ، كۆپ بولغاندا 10 نەچچە، ئاز بولغاندا 4 - 5 ئادەم قاتنىشىپلا پۈتۈشۈش ئاياغلىشاتتى. «چاي» ئومۇمەن قىز تەرەپ قۇدىلارنىڭ ئۆيىدە مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسى بىلەن تارتىلغان داستىخان ئۈستىدە ئۆتەتتى ۋە ئاخىرلىشاتتى.

جاھان پۇلغا يۈزلەنگەندىن بېرى بۇ قائىدە بۇزۇلۇپ كەتتى. مەن ئۆتكەن يىل كۈزدە يېقىن ھەقەمسايىمىزنىڭ ئوغلىنى ئۆيلەش ئۈچۈن قىز تەرەپكە ئاپارغان «چوڭ چېيى» غا داخىل بولدۇم. «چاي» چوڭ بىر مەرىكە زالىدا ئۆتكۈزۈلۈپ، يىگىت تەرەپ ئاپارغان تۆت ساندۇق تويلۇق كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت بىرمۇ بىر يۇزدىن جىقراق سۆلەتلىك ئادەملەر ئارىسىدا بىر - بىرلەپ كۆز - كۆز قىلىنىپ، قىز تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سۇرەتچى، سىنئالغۇچى توختىماي ئىشلەپ تۇردى. «چاي» ئۈچۈن ئىككى ئاپتوبۇس، يەتتە پىكاپ خىزمەت قىلدى.

مەن داخىل بولغان ھەم قوشۇمچە مۇلازىمەت مەسلىھەتچىلىكىنى قىلغان بۇ توي شەرىپى ئۈچۈن داۋام قىلغان «تونۇشۇش چېيى»، «ئۇچرىشىش چېيى»، «مەسلىھەت چېيى»، «يىگىت مەسلىھەت چېيى»، «قىز مەسلىھەت چېيى»، «ئاتا - ئانىلار مەسلىھەت چېيى»، «كىچىك چاي»، «چوڭ چاي»، «توي چېيى»، «ۋېچىركا»، «چىللاق»، «ھاردۇق چېيى»، «خوشلىشىش چېيى»، «چاقىرىش چېيى»، «رەھمەت چېيى»... قاتارلىق 15 خىل «چاي» دىمۇ بولدۇم. داستىخانلار مەئىشەتتى تولىمۇ مول بولغان، سازەندىلەر، سۇرەتچىلەر، سىنئالغۇچىلار، مۇلازىمەتچىلەر، ئاشپەزلەر توختىماي خىزمەت قىلىپ

تۇرۇۋاتقان، 30 ـ 40 لىغان ئاپتوبۇس، پىكاپلار مىنگىپ تۇرغان، ھەر خىل مەرىكە زاللىرى ھازىرلانغان، نەچچە يۈزلەپ، ھەتتا مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى زايا قىلغان، تاغارلاپ، داس ـ داسلاپ، چېلەك ـ چېلەكلەپ داستىخان «ئېشىندى» لىرى يۈندا ـ ئەخلەت گورەكلىرىگە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، مەستلەر، «نوچى» جېدەلخورلار، چاتاقچىلار بازار تاپىدىغان ئەنە شۇنداق «چاي» سورۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچىنغا چىققان شۆھرەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىكنىڭ بىر خىل چىرىك ئىپادىسىدۇر. بۇنداق قىلمىقلار كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تولىمۇ ئېغىرلىتىپ، جەمئىيەتتە ھەددى ـ ھېسابسىز مەئىشەت ئىسراپچىلىقىنىپەيدا قىلماقتا. ئادەملەر مۇناسىۋىتىنى پۇچەكلەشتۇرۇپ ساختىلاشتۇرۇۋەتمەكتە. ئىقتىسادىي مادارى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ تويلىنىش ئارزۇلىرىغا چىققىلى بولماس داۋان ياكى ئۆتكىلى كۆز يەتمەس ھاڭ پەيدا قىلماقتا. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەمگەكچى خەلقىمىزنىڭ توي ـ تۆكۈن تۇرمۇشىغا «پۇلى بارنىڭ كېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ كېپى توڭ» دېگەن چىرىك تەسىرنى دوقال قىلماقتا. بەزى قىز ـ يىگىتلەر ھەقىقىي ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئەمەس، پۇل، ھەشەمنى قوغلىشىدىغان بولۇپ قېلىشماقتا. پۇلنى مەنبە قىلغان ھەشەمخورلۇق كاشىلىسى بىلەن سۆيۈشكەنلەر نىكاھلىنالمايدىغان بولۇپ قالماقتا. نىكاھ قانۇنىمۇ، خەلقىمىزنىڭ غايىۋى قاراشلىرىمۇ ئېغىر دەخلىگە دۇچ كەلمەكتە.

**4. توي ـ تۆكۈن سورۇنلىرىمىز كەيپ ـ ساپاچىلىق سورۇنى، ھاراقكەشلىك سورۇنى، بۇزۇقچىلىق سورۇنىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ:** توي ۋە تويدىن كېيىن قىز ـ يىگىتلەر شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان توي ئولتۇرۇشلىرى يەنى توي داستىخانلىرى بىلەن كەچلىك توي مەشرەپ داستىخانلىرى ئەسلىدە ھاراق-شارابسىز، نەھى ھارامدىن پاك، ئەدەب ـ قائىدىلىك، ئۆم ـ ئىناق، داستىخان سالغۇچىنىڭ قۇدرىتى (مادار ـ ئىمكانىيەتلىرى) دائىرىسىدە ئۆتكۈزۈلۈش ئەنئەنىۋى شەرت ئىدى. كەچلىك توي مەشرەپلىرىدە كىشىلەر نەغمە، ئۇسسۇل، قوشاق، بېيىت ـ چاقچاق، مۇتەيۋە (ئېيتىشىش) . . . لەر بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، ياشلارغا ئەدەب ـ قائىدىلەرنى ئۆگىتىش ـ قىسقىسى مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇش، ئادەت، تۈزۈم، مەدەنىيەت، مىجەز، خاراكتېر. . لىرىنى نامايان قىلىپ خەلق شادلىقىنى شەكىللەندۇرۇش ئاساس قىلىناتتى. بۇ نورمال توي ـ توي ـ تۆكۈنچىلىك ئادىتى ھېسابلىناتتى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان شۆھرەتپەرەسلەر ئۆزلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈن سورۇنلىرىنى كەيپ ـ ساپاچىلار سورۇنىغا، ھاراقكەشلەر سورۇنىغا، ئەخلاقسىزلار سورۇنىغا ھەتتا جېدەل ـ ماجىراچىلار سورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ، ھاراقكەشلىكنى جەمئىيەتلەشتۈرگەنلىك، كەيپ ـ ساپاچىلىقنى جەمئىيەتلەشتۈرگەنلىك، ئەخلاقسىزلىق، بېشەملىك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى جەمئىيەتلەشتۈرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ھاراق ـ شارابنى توي ـ تۆكۈن داستىخانلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتلەشتۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ «يېڭى ئادەت» ، «يېڭى تۇرمۇش» شەكلىگە كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنى ھاراقكەشلەر قايىنىغان جەمئىيەتكە سۆرەپ كىرىش بىر مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن جىنايەتمۇ ـ پەزىلەتمۇ؟ گۇناھمۇ ـ ساۋابمۇ؟

تويدىن كېيىن قىز ـ يىگىتلەر ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋېچىركا (كەچلىك ئولتۇرۇش) ئەسلىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن قالغان كۆزنەك مىراس بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئەنئەنىۋى مەشرەپ خىسلىتى، مەشرەپ ئىنتىزامى، قائىدە ـ يوسۇن گۈزەللىكى يوق، ئەكسىچە بەزىبىر «ۋېچىركا» لار ھازىر ئىچەرمەنلىك، ئاشنىۋازلىق، ساختا «مۇھەببەت» چىلىك ـ زىناكۆزلۈك (پوخورلۇق) ، سۆلەتۋازلىق، ئۆزىنى كۆرسىتىش، مىشچانكىلىق، ھاياسىزلىق، زىتلىشىش، غەيۋەت ـ شىكايەت، پىتنە ـ پاسات، ھەسەتخورلۇق، غەۋغا، جېدەل ـ ماجىرا ھەتتا ئۆلۈم ـ يېتىم. . . گە مەنبە، سەۋەب بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل سەلبىي سورۇنلۇق رولىنى ئۆتىمەكتە.

بۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن بەزىبىر تونۇغانلىرىم تاپقان بىر ئاخشاملىق «ۋېچىركا» خاپىلىقىنى تارتىشىپ بەرگەنلىكىم زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ: يىگىت تەرەپ بۇ «ۋېچىركا» نى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئالتە يەشىك (144 بوتۇلكا) ئاق ھاراق، بەش يەشىك (120 بوتۇلكا) قىزىل ھاراق، 10 يەشىك (240 بوتۇلكا) پىۋا، يەتتە توپ (140 قاپ) ئېسىل تاماكا، ھەر خىل يەل ـ يېمىش، ئۇششاق ـ چۈششەك زاۋۇت ئىچىملىكلىرى، 6000 يۈەنلىك يېمەكلىك، 17 پىكاپ، بىر ئويۇن ـ مۇزىكا ئەترىتى، سىنئالغۇچى، سۈرەتچى، ئاشپەز، كۈتكۈچى، چايچى. . . چىقارغان. خاس چىقىم 15 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. «ۋېچىركا» باشلىنىپ بىرەر سائەت ئۆتەر ـ ئۆتمەي زالدا ھاراق بەزىمىسى قىزىپ كېتىپ بىر توپ «ئوقۇغان نادان» لارنىڭ مالىمانچىلىقى ئەۋج ئالغان. يەنى ئۈچ بۆلەك جېدەل چىقىپ، زالنى ۋەھىمە قاپلىغان. مۇشتلىشىش، پىچاقۋازلىق قىزىپ كېتىپ ئاقىۋەت ئىككى نەپەر يىگىت ئۆلگەن، ئالتە نەپەر يىگىت ـ قىز يارىدار بولغان. توققۇز نەپەر يىگىت ـ قىز تاياق يەپ يىقىلغان. 15 نەپەر يىگىت قولغا ئېلىنغان. «ۋېچىركا» ئۆتكۈزۈلگەن مەكتەپ زالىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى كاردىن چىققان. «ۋېچىركا» ئۆتكۈزگەن يىگىت تەرەپ ئەل ـ جامائەت ئىچىدە باش كۆتۈرەلمىگەن. ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلغان. قاتىللىق قىلغان ئىككى نەپەر يىگىتمۇ كېيىن تۇتۇلۇپ ئېتىلغان. مانا بۇ بىز خەققە ھەشەمخورلۇق، كەيپ ـ ساپاچىلىق تېپىپ بەرگەن يېڭى ئەلەملەرنىڭ مىڭلىغان مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

«ۋىچىركا» دىسە ئۇنىڭغا قاتناشقىلى كەتكەن ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئويلاپ تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي يۈرىكى سۇ ئولتۇرىدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى، «ۋىچىركا» سەۋەبى بىلەن ئاجايىپ قىسمەتلەر بېشىغا چۈشۈپ دەرد ـ ئەلەم، نادامەتلەرنى دائىم كۆرۈۋاتىمىزغۇ؟ ئەقلى توشمىغان بىر توپ قىزنىڭقان «شوخ» يىگىت ـ قىزلارنى، «ئوقۇغان» نادانلارنى، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ياش، «نوچى» لارنى ئىششىپ ـ تېشىپ تۇرغان هاراق ـ شاراب سورۇنىغا توپلاپ هاراق ئىچكۈزۈپ «مېھمان» قىلىش ئەمەلىيەتتە جېدەل ـ ماجىرانى يۇلغا سېتىۋالغانلىق بولۇپ، يىگىت ـ قىز تويى ئۈچۈن ئاجايىپ سەتچىلىكلەرنى، ئەل ـ جامائەتنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىنى، تۈگىمەس خاپىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە.

**5. ھەشەمخورلار توي ـ تۆكۈنگە ئەنئەنىۋى داستىخان سۇنۇش ئادىتىمىزنى تاپاۋەتچىلىك ئادىتىگە، هارامخورلارنىڭ قىپىنىش ئادىتىگە، قىزلىكۆزلەرنىڭ ساختىپەزلىك ئادىتىگە ئۆزگەرتىشىۋاتىدۇ:** تويغا داستىخان كۆتۈرۈپ بېرىش (تويغا تويلۇق بىلەن بېرىش) بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئادىتىمىز. ئۇنىڭ مەنىسى: تويى بولغان قىز ـ يىگىتنى هەم قۇدىلارنى ئىززەتلەپ تەبرىكلەش ـ ماددىي ئادەمگەرچىلىك (ماددىي هەدىيە) قىلىش ئىدى. بۇ خىل ماددىي ئادەمگەرچىلىك: تويلاشقۇچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى هەم تۇغقانچىلىق ئالاقىسى بار كىشىلەر، قىز ـ يىگىتنىڭ دوستلىرى، قولۇم ـ قوشنىلار، تونۇش ـ بىلىش، چۆپقەت، هۆپىگەر. . . بۇرادەرلەر بويىچە «تاپقىنى گۈل كەلتۈرۈر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» بويىچە بولاتتى. دېمەك، توي جامائىتى قۇربىتىگە قاراپ ئاتىغانلىرىنى خالىس داستىخان قىلىپ كېلىشەتتى. ئادەتتىكى مەسچىت جامائىتى، مەھەللە نامراتلىرى، تۇل ئۆتۈۋاتقانلار، مېيىپ بىچارىلار، مۇساپىرلارنىڭ داستىخان كۆتۈرۈپ كېلىشلىرى شەرت ئەمەس ئىدى. ئۇنداقلارنى «خۇدايى مېھمان» بىلىپ ئەڭ ئوبدان كۈتۈۋېلىش، هۆرمەت قىلىپ ئۇزىتىش تولىمۇ مۇھىم خىسلەت هېسابلىناتتى.

تويلاشقۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تۇغقان ۋە مېھمانلىرىنىڭ تويغا كۆتۈرگەن داستىخانلىرىمۇ راستىنلا تويغا ئەسقاتىدىغان، ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغان، ئاز بولسۇن، جىق بولسۇن نەق پۇل، ئەن رەخت، ئۇزۇق ـ تۈلۈك، ئېرىغ مال، تۈتۈلمىغان كىيىم ـ كېچەك، ئائىلە جابدۇقلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، چارۋا مال. . . قىسقىسى تويغا كۆتۈرۈپ بارغۇچىنىڭ ئۆزىگە ۋە قوبۇل قىلغۇچىغا هەم ئۇلارنىڭ ئىناۋەتلىرىگە ياراشقۇدەك ۋە ياكى «يادنامە»، «نەمۇنە» دېگۈدەك بولۇشى ئەقەللىي ئۇقۇم ئىدى.

توي داستىخانلىرى ئومۇمەن توي سورۇنىدا (ئەل كۆزىدە) ئوچۇق ـ ئاشكارا قويۇلاتتى، يېپىق قويۇش سەت ئادەت سانىلاتتى. قوبۇل قىلىدىغان ساھىبخان قويۇلغان «ئەل سوۋغىتى» نى «تويغا تەۋەررۈك» ئوقۇمىدا تەكەللۇپ بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى تويى بولغان يىگىت ـ قىزنىڭ «ئائىلە مۈلكى» قىلىپ بېرىپ، ئاشقان قىسمىنى قۇدىلارنىڭ، تويغا ۋاسىلىق قىلىشقان، تويغا خىزمەت قىلغان يېقىن تۇغقانلارنىڭ «قايتۇرۇش داستىخىنى» غا «داستىخان سېلىنجىسى» قىلىپ تۈگىتەتتى. تويغا چۈشكەن «ئەل سوۋغىتى» نى سېتىۋېتىدىغان، ئۆتنە يېرىم قىلىشىدىغان، قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ «سازايى» قىلىدىغان، «قەرز قايتۇرۇش» مېلى قىلىۋالىدىغان، كىشىلەرگە بېرىۋېتىدىغان. . . قىلىق ـ قىلمىشلار ئەل ـ يۇرت ئىچىدە سەت قىلىق، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى يەرگە ئۇرغانلىق هېسابلىناتتى. 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە خەلقىمىز پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ توي ـ تۆكۈننى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، سوۋغا ـ سالام قوبۇل قىلماسلىق. . . چاقىرىقى بىلەن تويغا داستىخان كۆتۈرۈپ بېرىشنى ئالاھىدە ئاددىيلاشتۇرۇش ئادىتىگە يۈزلەنگەنىدى.

جاھاننىڭ ئىشى يۇلغا يۈزلەنگەندىن بۇيان، يۇقىرىقى ئادەت ۋە قاراشلىرىمىز بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. تۆۋەندىكى قىلىق ـ قىلمىشلار بۇ قارىشىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. :

1. توي ـ تۆكۈنگە داستىخان كۆتۈرۈش ئادىتىمىز پۇل ـ ۋەجنى ئۆزلىرىنىڭ قىممەت ئۆلچىمى قىلىشىۋالغان بىر قىسىم قىنىدىن چىققان شەخسىيەتچى هەشەمخورلىرىمىز تەرىپىدىن تاپاۋەت تېپىش، هارام نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. . . ۋاسىتىسى قىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ: هاجەتلىك بەزىبىر كىشىلەرنىڭ توي ـ تۆكۈنلىرىگە خۇشامەت ئوقۇمىدا، يېلىنىش ـ يالۋۇرۇش ئوقۇمىدا، «ئارقا ئىشىك» ئوقۇمىدا، سوۋغا ـ سالام ئوقۇمىدا قويۇلۇۋاتقان تاما ـ ئومىد داستىخانلىرى يەنى «خەزىنە» داستىخانلار ئەنە شۇ خىل داستىخانلار تۈركۈملىرىگەكىرىدىغان سىرلىق داستىخانلاردۇر. ئومۇمەن مەنسەپدارلار ۋە ياكى ئىمتىيازى كۈچلۈك مۆتىۋەرلەرگە هاجىتى چۈشۈپ تۇرغان بەزىبىر كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلارغا قويۇلۇۋاتقان ئۇنداق «داستىخان» لارنى هازىر پارتىيە، هۆكۈمەت كۈچلۈك قارشى تۇرۇۋاتقان چىرىكلىشىش ھەرىكىتىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن بىر خىل داۋامى دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

2. هەشەمخورلىرىمىز توي ـ تۆكۈنگە داستىخان كۆتۈرۈپ بېرىشنى بىر خىل ئالۋان، قىممىتى ئېشىۋاتقان بىر خىل سېلىق شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئېلىشقان هەم توي ـ تۆكۈننى ئۆيدە، مەھەللىدە ئۆتكۈزۈشنى نەدە چوڭ زال، چوڭ رېستۇران بولسا شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە، توي مېھمانلىرىنى چىللاقچى ئەۋەتىپ چاقىرىشتىن باغاق يېزىپ چاقىرىشقا، ئەل ـ يۇرتنى بىر تۇتاش چاقىرىشتىن تاللاپ (پۇلى، يۈزى بارلارنى تاللاپ) چاقىرىشقا «تەرەققىي» قىلدۇرۇشقان. بۇ هالەت جەمئىيەتنىڭ، جۈملىدىن

خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي يۈكىنى ئېغىرلىتىپ بارماقتا، ئىجتىمائىي ئادەت كۈچىنى بۇزماقتا ۋە جەمئىيەتتە ھەر خىل ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ ئابروي پەرقىنى چوڭايتماقتا. ئۆتكەن يىل كۈزدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەلۇم بىر ئەرباب ئوغلىنىڭ تويىنى XX ئىدارىسىنىڭ چوڭ زالىدا ئۆتكۈزگەن. قىز كۆچۈرۈشكە 18 دانە پىكاپ تەييارلانغان. «توي داستىخىنى» غا 10 نەچچە پارچە گىلەم، ئالتە تال ئالتۇن زەنجىر، بەش تال ئالتۇن ئۈزۈك، 250 مېتىر ئەتراپىدا ئېسىل ئەن رەخت، ئۈچ دانە كىر ئالغۇ قاتارلىق 20 نەچچە خىل قىممەتلىك مال ـ مۈلۈك، 25 مىڭ 600 نەچچە يۈەن نەق پۇل چۈشكەن. تويغا پۇل تاشلىغان 341 كىشىنىڭ پۇل بېرىش تىزىملىكىدە ئالدى 200 يۈەن، ئاخىرى 20 يۈەندىن بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەمما يەنە شۇ كاتتا ئەرباب بىلەن بىر يەردە تۇرىدىغان، ئۆزى كۆپ بالىلىق، ھال ـ كۈنى ئۆزدۈللۈق بولغان XX نىڭ ئوغۇل تويى (ئۆيدە بولغان توي) غا بولسا، 840 نەچچە يۈەن نەق پۇل، ئادەتتىكى ـ ئەرزان باھالىق پارچە ـ پۇرات رەخت، چىنە ـ چەينەك قاتارلىق نەرسىلەر چۈشكەن.

دېمەك، ھەشەمخورلار ئۆزلىرى چوڭ دەپ بىلگەنلەرنىڭ تويىغا داستىخاننىڭ يوغىنىنى، ئادەتتىكى ئادەملەر دەپ قارىغانلارغا بولسا ئاشقان ـ تاشقان، پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنى قويۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ھالىغا باقماي ھال تارتىپ داغۋازلىق قىلىشقا، توي ـ تۆكۈننى «پوچەك» ئۆتكۈزۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا دالالەت قىلىپ، جەمئىيەتنى يۇقىرى چىقىملىق توي داستىخانلىرىغا بېشارەتلەش، سۈرەپ كىرىش ئاقىۋىتىنى شەكىللەندۈرمەكتە.

3. ھەشەمخورلۇقنىڭ تەسىرى بىلەن ئاۋام خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا توي ـ تۆكۈنگە داستىخان سۇنۇش ئادىتىمۇ ئىنتايىن چاكىنىلىشىپ ئۇنىڭغا سۇنئىيلىك، ساختىپەزلىك ئارىلىشىۋالدى. بىر يوپكىلىق، بىر كوپتىلىق. . . پارچە ـ پۇرات ـ كېسىندى رەخت پارچىلىرى، تاراق ـ تۇرۇق يالغان پەتنۇسلار، ئەرزان باھالىق چىنە ـ چەينەكلەر، سۇنئىي تالالىق يالغان ئەديىال، داستىخانلىق كىلىيونكىلار، ياغلىق، پايپاقلار توي داستىخانلىرىنىڭ خاسىيەتلىك «مەبلىغى» بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. قولدىن قولغا ئۆتۈپ، نۇرغۇن داستىخانلارغا چۈشۈپ، نۇرغۇن ئۆي، ھەتتا يىراق ـ يېقىن جايلارنى كېزىپ، قىزىقارلىق سۆز ـ چۆچەك، مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ئۇنداق «مەبلەغ» لەرنى نېمىگە ئىشلىتىش مۇمكىن؟ ئۇ پەقەت ساختىپەزلىك، ئادەم ئەخمەق قىلىشقىلا يارايدۇ، خالاس.

ۋەقەشۇناس خانىم ـ قىزلىرىمىزدىن بىرسى بۇ خىل ۋەقەدىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلەپ ماڭا مۇنداق دېدى: «1990 ـ يىلى XX شۆيۈەندە ئوغلۇمنىڭ تويىغا چۈشكەن پارچە رەختلەردىن چۆرىسىنىڭ يىپى ئازراق چۇۋۇلغان بىر يوپكىلىق رەختنى سانجىدىكى بىر تونۇشۇمنىڭ ئوغۇل تويىغا داستىخان سېلىنجىسى قىلىپ ئاپارغانىدىم. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزىمنىڭ تويىغا تۇرپاندىن كەلگەن بىر تونۇشۇمنىڭ داستىخىنىدا بۇ رەخت پارچىسى يەنە مېنىڭ ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدى. دېمەك، بىر يوپكىلىق ئەرزان رەخت ئالەمنى بىر چۆرگىلەپ ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. مەن تېخى تۇرپاننى كۆرۈپ باقمىدىم. . .»

بۇ خىل چاكىنىلىق تەدرىجىي خەلق ئادىتى، جەمئىيەت ئادىتى، مىللىي ئادەت بولۇپ كېتىۋاتامدۇ؟

**6. ھەشەمخورلۇقنىڭ تەسىرى بىلەن توي ـ تۆكۈن سورۇنلىرىمىز ئورۇنسىز سۆز ـ چۆچەكلەر سورۇنىغا، خەيۋەتچىلەر سورۇنىغا، خەلقنىڭ ئۆملۈكىنى بۇزۇش سورۇنلىرىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ:** توي تۈگەپ يىگىت ـ چوكانلار، قۇدىلار مۇناسىۋىتى تىكلىنىپ چىرايلىق ئىزغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بەزى كىشىلەر ئارىسىدا «توي باھالاش» قىزىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا پۈتكەن ئىشنى بۇزۇشلار بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، توي ـ تۆكۈن چوڭراق ئۆتسە «چوڭ بولۇپ كەتتى»، ئاددىي ـ ساددىراق بولغان بولسا «داستىخىنى غورىگىل، چاكىنا بولۇپ قالدى». . . دېگەندەك گەپلەر بىر مەزگىل بازار تېپىپ تۇرۇۋاتىدۇ. تويى بولغان يىگىت ـ چوكان ئۈستىدىن، قۇدىلار ئۈستىدىن، كېلىن ـ قېيىن ئانا مۇناسىۋىتى ئۈستىدىن، يىگىت بىلەن قېيىن ئاتا مۇناسىۋىتى ئۈستىدىن، بالىلار بىلەن چوڭلار مۇناسىۋىتى ئۈستىدىن، توي چايلىرى ئۈستىدىن، توي جەريانى ئۈستىدىن. . . ھەر خىل بۇلىمغۇر گەپلەر تارقىلىپ، تويلاشقۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە يامان تەسىرلەرنى بېرىۋاتىدۇ.

توي ـ تۆكۈن ئەمەلىي ئۇقۇمدىن ئالغاندا، شەخسلەرنىڭ ئىشى، ئائىلىلەرنىڭ ئىشى. ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟ بەرگىنىنى يەپ، داستىخىنىڭنى قويۇپ، مەشرىپىڭنى ئويناپ بولۇپ، يولۇڭغا ماڭمامسەن. ئەنە شۇنداق سۆز ـ چۆچەكلەر، ئارىلىشىشلارنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بۇزۇلۇپ خاراب بولغان تويلارنى، ئارازلىشىپ قالغان تۇغقانلارنى، ئادا ـ جۇدا بولۇشۇپ كەتكەن قۇدىلارنى كەم بىزدە يوق دېيەلەيدۇ؟

**7. ھەشەمخورلار ئەنئەنىۋى توي ـ تۆكۈن ئادىتىمىزنى كۆپ قۇتۇپلۇق ئادەتكە، يۇرتۋازلىق ئادىتىگە، تەبىقىچىلىك ئادىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىۋاتىدۇ. ھازىر بەزى جايلاردا «ئەمەلدارلار تويى»، «كادىرلار تويى»، «ئىشچىلار تويى»، «بايلار تويى»، «گادايلار تويى»، «خۇلجىلىقلار تويى»، «قەشقەرلىقلەر تويى». . . دېگەندەك گەپلەر ئادەتتىكى گەپلەردىن بولۇپ قېلىۋاتىدۇ:** دېمىسىمۇ، «ئەمەلدارلار تويى» غا ئاساسەن ئەمەلدارلارنى، «بايلار تويى» غا ئاساسەن بايلارنى، «گادايلار تويى» غا ئاساسەن گادايلارنى،

غۇلجىلىقنىڭ تويىغا ئاساسەن غۇلجىلىقنى، قەشقەرلىقنىڭ تويىغا ئاساسەن قەشقەرلىقنى چاقىرىش ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. دېمەك، ھەشەمخورلۇق كۆچىيىپ كەتكەندىن بۇيان يۇز - ئابرويپەرەسلىك، پۇلپەرەسلىك، يۇرتۋازلىق. . . قىلىقلىرى ئەدەپ كېتىپ، توي - تۆكۈن سورۇنلىرىمىز ئەمەلىيەتتە مەنسەپ - ئىمتىياز، تەبىقە - گۇرۇھ، يۇرت - مەھەللىۋازلىق سورۇنىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

**8. ھەشەمخورلۇق ئەۋجىگە چىققاندىن بۇيان ياشلار ئارىسىدا «ھال - ئەھۋالىغا قاراپ مۇھەببەت باغلاش»، «دەرىجىگە قاراپ نىشان تېپىش» باش كۆتۈرۈپ، باي بىلەن باي، ئەمەلدار بىلەن ئەمەلدار قۇدىلىشىش ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ:** بۇ ھال قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق - مۇھەببەت پاكلىقىنى بۇزۇپ، پۇلۇڭ جىق چاغدا تەگكەن قىز پۇلۇڭ تۈگىگەندە ئاجرىشىپ كېتىدىغان، داداڭ ئەمەلدار ۋاقتىدا سېنى ئالغان يىگىت داداڭ ئەمەلدىن چۈشۈپ كەتكەندە سېنى تاشلىۋېتىدىغان (قويۇۋېتىدىغان)؛ يىگىتلەردە «پۇلغا سېتىۋالغان» مەھبۇبىغا «خوجايىنلىق» قىلىدىغان، پۇلى كۆپەيگەنچە ئۇنىڭدىن زېرىكىپ يېڭىسىنى «سېتىۋالىدىغان» خاھىشنى بارا - بارا ئادەت شەكلىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. تۇغۇلغان پەرزەنتلەر خارلىقى، ئائىلىلەر ۋەيرانچىلىقلىرى تۈگىمەيدۇ. ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىدىيىسىنى، تۇرمۇش قارىشىنى زەھەرلەيدۇ. پۇلدارلار پۇلدارلارغا، ئىمتىيازلىقلار ئىمتىيازلىقلارغا كۆز - كۆز قىلىپ قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى تىكلەش خۇددى ئەخلەتنى قار بىلەن كۆمۈۋەتكەندەكلا ئىش بولۇپ، قار ئېرىگەندە بەربىر ئەخلەت ئېچىلىپ قالىدۇ. پۇل، مەنپەئەت، ئىمتىيازنى مەنبە قىلغان ھاياتنىڭ، جۈملىدىن مۇھەببەت، نىكاھنىڭ بۇزۇلمايدىغىنى بولمايدۇ.

**9. ھەشەمخورلۇق باش كۆتۈرگەندىن بۇيان توي - تۆكۈنلىرىمىزدە رەھبەرلەر، جامائەت كاتتىلىرى، ئالىم - ئۆلىمالار. . . نى جامائەتتىن ئايرىپ تاشلايدىغان، نامرات مېھمانلارنى يارانمايدىغان سەت ئادەت باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ:** ھازىر توي - تۆكۈنلىرىمىزدە باشلىقلارغا ئايرىم داستىخان، جامائەت مۆتىۋەرلىرىگە ئايرىم داستىخان، ئۆلىما - چوڭلارغا ئايرىم داستىخان، قولى قىسقا، «قاتاردا يوق» لارغا ئايرىم «داستىخان» تارتىش ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇ، مېنىڭچە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى، جامائەت ئەربابلىرى، دىنىي ساھە چوڭلىرىنى ئاممىدىن ئايرىش ئارىسىدىن چەتنەشتۈرگەنلىك، نامرات مېھمانلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي خارلىغانلىق بولماي نېمە؟ بۇ خىل ئادەت توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان مۇنداق بىر قوشاق دىققەتكە سازاۋەردۇر:

تويىنىڭ تۆرى چوڭلاردا،
بوسۇغىسى گادايدا.
داستىخان بېشى بايلاردا،
ئېشىندىسى خارلاردا.

توي - تۆكۈندە ياش - قېرى، چوڭ - كىچىك، يۇقىرى - تۆۋەن. . . بارلىق جامائەت توي داستىخىنىنىڭ ئاددىي ياكى مول بولۇشىغا قارىماي ئۆزئارا ھۆرمەت، ئېھتىرام قىلىشىپ، تويلاشقۇچىلارنى تەبرىكلەش، يىگىت - قىزغا مېھرى بىرلىك تىلەش، ئۆملۈك - ئىناقلىق بىلەن داستىخانغا پاتىھە - دۇئا ياندۇرۇش ئەنئەنىمىز ئەمدىلىكتە يوقىرىقىدەك «داستىخان» لار بۆلۈنمىلىرىگە پارچىلىنىپ كەتسە، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بارا - بارا نېمە بولۇپ كېتەرمىز؟

**10. ھەشەمخورلار ئەنئەنىۋى توي - تۆكۈن ئادىتىمىزدە بولمىغان ھەر خىل چاكىنا قىلىقلارنى، چېكىدىن ئاشقان «داغدۇغا ئۆلگە» لىرىنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ:** مەسىلەن، قىز كۆچۈرۈشتە 5 - 10 لاپ ھەتتا 20 - 30 لاپ پىكاپ ئىشلىتىش، توي كۆچۈرگەن پىكاپلارنىڭ ئارقىسىدىن قاتتىق ناغرا چېلىنىۋاتقان قارا ماشىنا ئۈستىدە كېلەڭسىز ئۇسسۇل ئويناپ كوچا ئايلىنىش، چوڭ كوچىلاردىن توي پىكاپلىرى سېپىنى نامايىش شەكلىدە ئۆتكۈزۈش - ئايلاندۇرۇشلار. . . چېكىدىن ئاشقان «داغدۇغا» چاكىنىلىقى ئەمەسمۇ؟ ھەتتا قىز چىقارغۇچىلار ناغرا چالدۇرۇپ «قىزىمغا لايىق چىقتى» دېگەندەك سەت قىلىقلارنى قىلىشىۋاتىمدۇ؟ بۇنداق ھالەت تىزگىنسىز كېتىۋەرسە، بارا - بارا توينى ئايروپىلاندا ياكى پويىزدا كۆچۈرۈمىز. . . دەيدىغانلارمۇ، توي ناغرىسىنىمۇ بىر نەچچە كۈن، بىر نەچچە يەردە كۆپەيتىپ چالغۇزىدىغانلارمۇ چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

دېمەك، ئىنسابنى ئۇنتۇغان پۇلغا يۈزلىنىش، پۇلغا چوقۇنۇش خاھىشى يېڭىدىن پۇل ۋە يول تاپقان بىر قىسىم ئىمتىيازلىقلار بىلەن زەردارلار قاتلىمىدا يۇقىرىقىدەك ھەشەمخورلۇق، بەتخەجلىك، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا بىر خىل مىللىي چىرىكلىشىشنى شەكىللەندۈرۈپ، تارىختىن بۇيان كېلىۋاتقان ئېسىل توي - تۆكۈن مەدەنىيىتىمىزنى ۋەيران قىلماقتا. بۇ بىر مىللىي پاجىئەدۇر، ئەلۋەتتە.

## بىزدىكى «بالا خاپىلىقى»

بىز خەقنىڭ ئارىسىدا نېمە جىق؟ «بالا خاپىلىقى» جىق. «بالا دەردى»، «بالا چاتىقى»، «بالا

مەسىلىسى»... نەڭ بولۇپ تۇرغىنى تۇرغان. بۇ خىل دەرد ـ خاپىلىقلار تۇپەيلىدىن ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلار، داد ـ پەرياد قىلىشىۋاتقانلار، بالا تاپقانغا تويۇۋاتقانلارمۇ خېلى بار. دېمىسىمۇ بىر قىسىم مەكتەپ يېشىدىكى كىچىك باللار بىلەن مەكتەپ يېشىدىن ئاشقان ياش ـ ئۆسمۈر باللار ئارىسىدا چۈشكۈنلىشىش، ھەر خىل شەكىلدىكى بۇزۇلۇش ـ چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرى باش كۆتۈرۈپ ئاتا ـ ئانىلارنى، جەمئىيەتنى قاقشىتىدىغان كېلىشمەسلىكلەر ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن بىر خىل دەرد، بىر خىل يوقىتىش، جەمئىيەت ئۈچۈن ئالغاندا بىر خىل چۈشكۈنلۈك، مىللىي بۇزۇلۇش دېمەي تۇرالمايمىز. باللارنىڭ چۈشكۈنلىشىش ۋە بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ قانداق قىلىمىز؟ دېگەن سوئاللارغا بەزىلەر: «باللىرىمىزنى چەت ئەلنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بۇزۇۋەتتى... جەمئىيەتتىكى يامان ئادەملەر، يامان ئىشلارنىڭ تەسىرى كاردىن چىقىرىۋەتتى. ..» دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىشىدۇ. دەرۋەقە، بۇمۇ بىر خىل سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى دەل جايىغا چۈشكەن توپ سەۋەب دېگىلى بولمايدۇ. يەنىلا ئاساسلىق سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

**باللىرىغا نىسبەتەن «بىغەمچان» لىقى تۇتۇرۇقسىز بىر قىسىم ياش، نادان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەكتەپ يېشىغا يەتكەن پەرزەنتلىرىنى زامانىۋى ئەقىل، زامانىۋى ئۇسۇل ـ تەدبىر ۋە زامانىۋى ئادەت بىلەن تەربىيىلەش، چوڭ قىلىش (يېتەكلەش) ئىقتىدارى يېتەرسىز.** ئالايلى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپ يېشىدىكى چوپچوڭ بولۇپ قالغان باللىرىنى ئەدەب ـ ئەخلاق، نومۇس، دىيانەت... كە ئۆگىتىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا ھاياسىزلىق قىلىشىدۇ. ناباپ ـ سەت قىلىقلىرىنى، ئەپسانە تىللىرىنى يوشۇرۇشمايدۇ. باللىرىنى تەسىرى يامان سەت ۋە ئەسكى ئىشلارغا سالىدۇ، بۇيرۇيدۇ. 8 ـ 10 ياشلارغا كىرىپ قالغان باللىرىنى دۇكانلاردىن تاماكا، ھاراق ئەكەلگۈزىدۇ. مەست بولۇپ كوچا، يوللاردا يىقىلىپ ياكى تۇرالماي يېتىپ قالسا باللىرىغا يۆلىتىپ، يېتىلىتىپ ئۆيلىرىگە ئەكەلگۈزىدۇ. ھاراق ـ شاراب داستىخانلىرىغا باللىرىنى بىللە ئېلىپ كىرىدىغان، ئاز ـ تولا ئىچكۈزۈپمۇ قويىدىغان، ھەتتا باللىرى ئۈچۈن خاس «بوتۇلكىلىق ئولتۇرۇش سورۇنى» نى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان... ئەر ـ خوتۇن جېدەلىدە باللىرىنى ئۆزلىرىگە ھەمكارلاشتۇرىدىغان، ئۇلارنى غەيۋەت ـ شىكايەتكە قاتناشتۇرىدىغان، يالغانچىلىق، كۆكەمىلىك، لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق، ھاراقكەشلىك، ساختىپەزلىك ئىللەتلىرىنى بىلىپ ـ بىلمەي يۇقتۇرۇپ ھەم ئۆگىتىپ چىقىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار بىلەن، چوپچوڭ قىزلىرىدىن يوشۇرماي ئاشنا تۇتىدىغان، ئاشنا ئوينايدىغان، ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىنى قىزى ئارقىلىق يوشۇرىدىغان، كىچىك قىزلىرىغا گىرىمخورلۇقنى، چاكىنا كىيىنىشنى، سەت گەپ قىلىشنى، ئۇياتسىزلىقنى ئۆگىتىدىغان... بەزى «ئانا لارنى كەم بىزدە يوق، دېيەلەيدۇ قېنى؟!

«چوڭ بېشىنى ئاچسا، كىچىك كۆتىنى ئېچىپتۇ» دېگەندەك، ئائىلە باشلىقلىرى (ئاتا ـ ئانىلار بۇزۇقچىلىق قىلىشسا، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بولۇپمۇ ياش باللارنىڭ ئۇنى ئاشۇرۇپ دورىماسلىقى، بەلكى بېشىچىلاپ كىرىپ كەتمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

**يەنە بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەكتەپ يېشىدىن ئاشقان باللىرىنى تەربىيىلەش ـ يېتەكلەش ئادەتلىرى بەكمۇ چاكىنا.** 8 ـ 10 ياشقا كىرگەن باللىرىنى يەنىلا قۇچاقتا باققۇسى كېلىدۇ. ئەركىلىتىپ قىلمىغىنى قالمايدۇ. ئامراقلىقىدىن «يەۋالغۇسى» كېلىپ كېتىدۇ. بالىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرىدۇ. نېمە دېسە ماقۇل، دەيدۇ. يىغلىسا يىغلايدۇ. كۈلسە كۈلىدۇ. مۇۋاپىق يېتەكلەش، تېزگىنلەش ۋە تەربىيە سىڭدۈرۈشكە سەل قارايدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ئەركە چوڭ قىلىنغان باللار ئاخىرىغا بېرىپ ئاغزىغا «تېتىمايدىغان» تاماقلارنى يېمەيدىغان خەسە گال، تاماق تاللايدىغان، پۇل خەجلەشكە ئامراق، بەتخەج بولىدۇ. ئۇنداق ـ مۇنداق كىيىم ـ كېچەكنى ياراتمايدۇ، كۆرگەنگە ئېسىلىدۇ. ئۆيى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن ئەسلا ھېسابلاشماي ئوبدان يەپ ـ ئىچىشنى، خالىغانچە ئويناپ ـ كۈلۈشنىلا ئويلايدۇ ۋە شۇنىڭغا ئادەتلىنىدۇ. بەڭباش، ھورۇن، بىكار تەلەپ، ئەخلاقسىز، نادان باللار (20 ـ 30 ياشقا كىرگەندىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا «ئەركە بالا» لىق قىلىپ باققىلى، پۇل تاپقىلى سالىدىغان، ئىش ـ ئوقەتكە ئۇچ، راھەتكىلا ئامراق، خىزمەت، كەسىپ ياراتمايدىغان، جەمئىيەتتە چاتاق تېرىپلا يۈرىدىغان، ئاتا ـ ئانىلىرىنى زار ـ زار قاقشىتىپ، «داد» دېگۈزۈپ يۈرگەن ھاكاۋۇر، ئەركە نايناق يىگىت ـ قىزلار) ئەنە شۇنداق ئائىلىلەردە چوڭ بولغانلاردۇر.

**مەكتەپ يېشىدىن ئاشقان بىر قىسىم باللارنىڭ چۈشكۈنلىشىش، بۇزۇلۇپ كېتىش ھادىسىلىرىنى شۇ باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ باللىرىغا نىسبەتەن زالىملىق قىلىشى، كۆيۈمسىزلىكى، قوپاللىقى، خورلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان.** تاش يۈرەك ئاتىنىڭ زالىملىقى بىلەن سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ تىلەپ يۈرگەن 13 ياشلىق «چولاق قەلەندەر» XX نىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بۇ قارىشىمىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي كىچىك مىسالىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «... مەن XX ناھىيىسىنىڭ XX يېزىسىدىكى XX موزدۇزنىڭ بالىسى، ئۆيدىكىلەر مېنى يەتتە ياشتا مەكتەپكە بەردى. توققۇز ياشقا كىرگەندە ئاتام مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ئۆزىگە

شاگىرت قىلدى. قاچان شاگىرت بولدۇم شۇندىن تارتىپ ئاتامدىن تاياق يېگىلى تۇردۇم. ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك: «يېپىنى ئوبدان ئەشمىدىڭ، دەرپىشە (موزدوزلۇق بىگىزى) نى سۇندۇرۇۋەتتىڭ، كۆزۈڭگە قارىمىدىڭ، ھاڭۋاقتىلىق قىلدىڭ. . . » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ دائىم ئۇراتتى. بەزىدە ئاپام ماڭا بولۇشسا، ئۇنىمۇ قوشۇپ ئۇرۇپ كېتەتتى. مەنمۇ بىرەر يىلغىچە تاياققا پىشىپ كەتتىم. ئۆيدە پېشقەدەمنى يەيتتىم. بەرگەننى كىيەتتىم. ئاي ئۆتۈپ ـ يىل ئۆتۈپ بىرەر موچەنمۇ پۇل بەرمەيتتى. ئاتامنىڭ سۆيۈپ قويغىنىنى، پېشانەمنى سىلاپ قويغىنىنى، «بالام» دەپ ئەركىلەتكەن، ئەگەشتۈرگەن، بازارغا ئاپارغان چاغلىرىنى بىلمەيمەن. بارا ـ بارا بەك ئۇرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئاتام يامان ئىشلارنى قىلغىنىم ئۈچۈن ئەمەس، مېنىڭدىن جىقراق ئەمگەك تاپاۋىتى ئۈندۈرۈۋېلىش غەرىزىدە ئۇراتتى. 1993 ـ يىلى ئەتىيازدا دۇكاندا يالغۇز قالغان كۈنۈم دۇكانىنىڭ بىر قىسىم جابدۇقىنى ئوغرى ئەكەتتى. قورقۇپ ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالماي يۈرسەم، ئاتام پەيدا بولدى ـ دە، ئوغرى ئەكەتكەن نەرسىلەرنىڭ خاپىلىقىنى مەندىن ئالغىلى تۇردى. ئۆيگە سولىۋېلىپ تېپىپ ـ دەسسەپ، پېتىقداپ ئۇرۇۋەردى ـ دە، ئاخىرى بىر قولۇمنى سۇندۇرۇپ، بىر قۇلىقىمنى ئاڭلىماس قىلىۋەتتى. ئانام قوشنىلارنى چاقىرىپ ئاران ئاجرىتىۋالدى. ئۆلگۈدەك ياتتىم، ئىككى ئايدا قولۇم ساقايدى. ئاتام يەنە دۇكانغا ئەكىلىۋالدى. شۇ يىلى يەنە ئاتامنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دۇكانغا ئوغرى كىرىپ خەقلەر بۇيرۇتقان ئۈچ كىشىلىك ئاياغنى ئەكەتتى. مەن ئەمدى ئاتامغا ئۇدۇل بولۇشتىن قورقۇپ ئۆيدىن شۇ چىقىپ كەتكەنچە، ئاتىسىدىن تاياق يەپ قاچقان XX بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە كېلىۋالدۇق. ئۇرۇمچىدە بىر قېتىم ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ بىر قولۇم كېسىلىپ كەتتى. ئىككى يىلدىن بېرى ئاتام مېنى ئىزدىمىدى. XX تېغى تۆۋەندىكى بىر توكۇر خوتۇن بۇلتۇردىن بۇيان مېنى بېقىۋالدى. مەن تىلەپ تاپىمەن. ئۇ ئاچام مېنى قوندۇرىدۇ. «بالام» دەپ چاقىرىدۇ. ئاش ئېتىپ بېرىدۇ. ئۇندىن باشقا مېنىڭ ئىگەم يوق. ئۇمۇرۋايەت قەلەندەرچىلىك قىلىپ ئۆتمەي باشقا ئامالىم يوق. خۇدايىم بار. . . »

بىزدە مۇشۇنداق XX تەك بىچارىلەرنى يېتىشتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان رەھىمسىز، باغرى تاش «ئاتا» لار، «ئانا» لار ئازمۇ؟

مەلۇم بىر «ئازغان بالىلارنى يىغىپ تەربىيىلەش ئورنى» نىڭ مەسئۇلى ئازغان بالىلار توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «. . . مەسىلە چىقىرىپ يىغىپ تەربىيىلەش ئورنىغا كىرىپ قالغان، كوچىلاردا خار ـ زارلىق دەردىدە يۈرگەن سەرگەردان بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇمەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خورلۇقىغا ئۇچراپ چىدىيالماي قېچىپ چىققان بالىلار خېلى جىق. . . »

دەرۋەقە، بالىنى ئۇرۇش، تىللاش، جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق جازالاش ـ بىزدىكى بىر قىسىم تاش يۈرەك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياۋۇز ئادىتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «بالىنى تاياق ئوبدان ئادەم قىلىدۇ» ، «بالىغا تاياق دورا» دا دېيىشىدۇ تېخى. ئىت چېغىدا ئۆز كۈچۈكىنى قاتتىق تالىۋەتمەيدۇ. ئېشەكمۇ كىچىك تەخىيىنى تەپمەيدۇ. «بالىغا تاياق دورا» ، «تاياق يېمىگەن بالا ئوبدان ئادەم بولمايدۇ» دېگۈچىلەرنىڭ ئۆز بالىلىرىغا ئەقەللىسى ئاشۇ ھايۋانلارچىلىكمۇ مېھرى يوقمىدۇ؟

كىچىك تۇرۇپلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ تالادا (ئىگە ـ چاقىسىز ـ باش پاناھسىز) قالغان بالىلارنى ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك يولىغا كىرمەيدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ جىنايەت ئۆتكۈزۈش شايكىلىرىغا ئۇيۇشمايدۇ، ئەسكىلەرگە ئەگەشمەيدۇ، ئىچىملىك ـ چېكىملىك (ھاراق، تاماكا، نەشە، خرونىنكەشلىك) كە بېرىلمەيدۇ، ئىپپىتىنى ساتمايدۇ، بويىدا قالمايدۇ، دېيەلەمدۇق؟ بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزدە ئەنە شۇنداق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئۆكسۈنىمىز، ئەلۋەتتە.

**بالىلىق چاغلىرىنى ئاللىقاچان تاماملىغان قىز ـ يىگىت پەرزەنتلىرىنى گوياكى بىر ئۆمۈر ئۆيدىن چىقارمايدىغاندەك يېپىشىۋېلىپ «تىزگىنلەپ» ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئىلگىرىلىشىگە، مۇستەقىل جاھان تۇتۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىگە دەخلى قىلىپ ياكى يول قويماي كېلىۋاتقان بىر قىسىم پەۋقۇلئاددە «كۆيۈمچان» ئاتا ـ ئانىلارمۇ بىزدە خېلى بار. بۇ خىل تېگى تۆشۈك «ۋاپا» دارلىقنى مەنبە قىلغان «تىزگىنلەش» لەرمۇ بىزدە بالىلار چۈشكۈنلۈكى ۋە بالىلار تەقدىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.** ئالايلى، ئەنئەنىۋى ۋارىسلىق قارىشى كۈچلۈك بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالاغەتكە يېقىنلاشقان يىگىت ـ قىز بالىلىرىنى گېپىگە كىرگۈزۈپ، دېگىنىنى قىلغۇزۇپ تۇرۇشنى «بالا تىزگىنلەش» ، «بالا تەربىيىلەش» نىڭ ئۆلچىمى قىلىشىۋالغان. نېمىلا ئىش بولمىسۇن ئاتا ـ ئانىدىن سوراپ قىلىش، ئوقۇش، بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئاغزىغا قاراش، مۇھەببەت، ئائىلە قۇرۇش، باردى ـ كەلدى، ئارىلىشىش . . . ئىشلىرىدىمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ دېگىنىنى قىلىش . . . بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ «بالا باشقۇرۇش» يولى، ياشلارنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، ئىجتىمائىيەت . . . جەھەتلەردىكى كۆز قاراشلىرىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېگىنىدەك بولۇش ـ بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇش تەلىپى بولۇپ قالغان. دېمەك ئۇلار بالىلىرىنىڭ قانات چىقىرىشىنى

خالايدۇيۇ، ئۇچۇپ كېتىشىدىن قورقىشىدۇ. باللىرىنى ئىمكانقەدەر بالدۇرراق مۇستەقىل ياشىيالايدىغان قىلىشنى ئويلاشمايدۇ. بۇنداق قىلىقلار تولاراق جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارى ھېسابلىنىدىغان ئىمتىيازلىقلار ياكى نىسبەتەن يۇقىرى كىرىملىك، پاراۋانلىقى ئوبدان «توققۇزى تەل» ئائىلىلەردە ئېغىرراق يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار باللىرىنىڭ ئىستىقبالىنى نەدىن تاپماقچى؟ ئۇلار يۈز - ئابروي، ئەمەل - ئىمتىيازلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىش، «ئارقا ئىشىك» تىن مۇناسىۋەت باغلاش، «داستىخان سېلىش»، «يوقلاش» . . . ئۇزلىرىنىڭ نامىنى، تارىخىنى دەستەك قىلىش يولى بىلەن «ئېتىبار كۆتۈش»، «بالىنىڭ يولىنى مېڭىش»، «ئىستىقبالىنى تېپىش» قا ئادەتلىنىپ كېتىشكەن. دېمەك، ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەيلا ياش قىز - ئوغۇللىرىنىڭ يۆلىنىۋېلىپ جاھان تۇتۇش، مەڭگۈ «ئېتىبار كۆتۈش» ئادەتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىۋاتىدۇ. بۇ خىل قىلمىش يىگىت - قىزلاردا ياللانمىلىق، ھورۇنلۇق، مىشچانكىلىق، تېرىكتاپلىق، جۈرئەتسىزلىك ئىللەتلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مەنبەلەردىن بىرى بولۇپ قالماقتا. «ئېتىبار كۆتۈش» بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار، جۈملىدىن يىگىت - قىز ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل ئۈمىد قارىشى بولۇپ قالغان. ئۇلار ھەر قانداق مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ئادەم ئۆز پۇتى بىلەن ماڭمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئېتىبار بېرىش» مەنىۋى ئۇقۇمدىن ئالغاندا، «لاياقەتسىزلىك»، «پەس كۆرۈش» ئۇقۇمىنى بېرىدۇ. ئەگەر زامانىمىزدىكى قىز - يىگىتلىرىمىزنى مۇشۇنداق مەنىۋى «غايە» گە ئىگە قىلساق، بۇ ئاقىۋەت ئۇلارنى نەگە ئېلىپ بارار؟

**يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ باللىرىنىڭ ئېڭىدا «ئېسىلزادىلىك» ۋە «پەسلىك» تۇيغۇلىرىنى يېتىشتۈرگەن. «ئېسىلزادە» لار ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلايدىغان، «پەس» لەر ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان ئەھۋاللار ياش باللار ئارىسىدا ئوبدانلا ئومۇملىشىپ قالغان.** ئەمەلىيەتتە ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى پۇل، مال - مۈلۈك، ھوقۇق - ئىمتىياز قاتارلىقلار بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغاچقا، «ئارقا تىرەك» - «پۇلى بارنىڭ گېپى ئۇڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ»، «قىلدەك ھوقۇقنىڭ پىلدەك كۈچى بار» دېگەن قاراش «ئېسىلزادە» باللارنىڭ ھورۇنلۇق، تېرىكتاپلىق، چوڭچىلىق (پوچىلىق) خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلاردا ھوقۇقمۇ، پۇل، مال - مۈلۈكمۇ، ئاتا - ئانىمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس، دېگەن تۇيغۇ يوق. ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان ئاتا - ئانىلاردىكى «ئارپا تېرىق تولۇمدا، بىچارىلەر بولۇڭدا» دېگەن كىشىلىك قاراش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئۇلاردىن چىققان بىر قىسىم باللارنى ئىدىيە جەھەتتىن چۈشكۈن، تۇرمۇش جەھەتتىن تەۋەككۈلچى، قارام قىلمۇەتكەن. «ھالال تېپىلمىسا، ھارامنى يېمەي ئۆلەيمۇ؟» دەيدىغان باللارغا نېمە دېيەلەيسىز؟ باللىرىنى ئوبدان ئوقۇتۇشقا، ئوبدان بېقىشقا، ئوبدان ئادەم قىلىشقا قۇربىتى يەتمەيۋاتقان ئاتا - ئانىلار ئارىسىدىن بۇزۇلغان، چۈشكۈنلەشكەن باللارنى چىقمايدۇ، دېيەلەمدۇق؟ بۇنداق ئاتا - ئانىلار ئائىلىلىرىدىن ھامان سەرگەردان باللارنىڭ چىقىۋاتقىنى چىقىۋاتقان. ئۇ باللار تۇرمۇشتا چىقىش يولى بولمىغانلىقتىن ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاش، تىلەش ياكى نومۇسىنى سېتىش ئارقىلىق جان بېقىشىدۇ. بەزىلىرى تېخى كىچىك بولغاچقا، قاتىللىق قورالى كۆتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قۇربىتى يەتمەي قېرىلار ۋە مەستلەرنى بۇلايدۇ. شۇنداقلا تېنى ئاجىز بولغاچقا، ھەممىشە دېگۈدەك باشقىلاردىن ئۆلگۈدەك تاياقمۇ يەيدۇ. بەزىلىرى شايكىلارنىڭ ئېلىشىشلىرىدا، بەزىلىرى ئاچارچىلىق، خورلۇق، يىلىڭ - يالىڭاچلىقتا ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ.

**ئۆگەيلىك دەردىدە، نامراتلىق دەردىدە، تەربىيىسىزلىك دەردىدە ۋە ھەر خىل تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەت، كېلىشمەسلىكلەر دەردىدە چۈشكۈنلىشىپ، بۇزۇلۇپ كاردىن چىقىۋاتقان باللارمۇ خېلى بار.** يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئاساسەن ئاتا - ئانىلار ۋە ياكى ئائىلىلەردە كۆرۈلۈۋاتقىنى ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ساھەلەر (باللار خىزمىتى ئورۇنلىرى) بۇ ئىشلاردا ھېچقانداق مەسئۇلىيەت ھېس قىلىشمايدۇ. تەدبىر ھېسسىياتلىرىمۇ تازا جانلىق ئەمەس. بۇمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي نۇقسان ئەلۋەتتە. لېكىن ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي نۇقسانلاردىن يەنە بىرى (بۇ ئاساسلىق تەرەپ): كىشىلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدا باللار تەربىيىسى، باللار مائارىپى، باللار تۇرمۇشى، باللار خىزمىتى ۋە باللار تەقدىرىگە جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۈزە قاراش يەنى باللىرىمىزنى ئۆزىمىز تۇرغان دۇنيادىن يېڭى بىر دۇنياغا - كەلگۈسى دۇنياغا تەييارلاشتەك تارىخىي يۈكنى زىممىمىزگە ئالىدىغان ئاڭلىق قاراش، سەۋىيىمۇ ھەقىقەتەن تۆۋەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدە پۇلغىلا تىۋىنىش غايىسى ۋە «پۇل ھەممىگە قادىر» دەيدىغان قاراش باش كۆتۈرگەندىن بۇيان، بەزىبىر جايلاردا ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەخلاقىي تەربىيە . . . دېگەنلەر ئېتىباردىن چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ ياكى ئاتاقتا بار ئەمەلىيەتتە ئۈنۈمسىز خىزمەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق پايدىسىز شارائىتتا ئەمدىلا بالىلىق دەۋرىنى تاماملىغان ياش باللارنىڭ ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنى قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ . ھازىر ياش - ئۆسمۈر باللار ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ كەتكەن پۇل ھېرىسمەنلىكى، تېرىكتاپلىق، يالغانچىلىق، ئۇچمەنلىك، ھەر قانداق ئىشقا پەرۋاسىز قاراش، قاراملىق، تەۋەككۈلچىلىك، لۈكچەكلىك، ئۆيدىن چىقىپ كېتىش،

كەيپپەرەسلىك (تاماكا، هاراق، نەشە، خروئىن. . . غا بېرىلىش)، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق. . . لار ئەنە شۇنداق تەلىم ـ تەربىيە ئېتىبارسىزلىقىدىن كېلىپ چىققۇاتقان ئىجتىمائىي ئىللەتلەردۇر.

ئەمدى هوش ـ كاللىمىزنى يىغىپ، مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى بولغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر مەسلىسىنى ئويلىمىساق قاچان ئويلىنىمىز؟! بۇ، هەر بىر ۋىجدانلىق ئۇيغۇرنىڭ ئالدىغا تاشلانغان ئېغىر سوئال، باش تارتىپ بولمايدىغان مىللىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتتۇر.

# ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى

## ئەختەم ئۆمەر

## غايىدىكى يوقسۇزلۇق

بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزگە ئوبدانراق نەزەر سالىدىغان بولساق، بارغانسېرى غايىسىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەك تەس ئەمەس.

بىز خەقتە ئەدناسى بەش يىلدا ئۆيۈمنى باشقا سالىمەن، 10 يىلدا بالامنى ئالىي مەلۇماتقا ئىگە قىلىمەن، دەيدىغان ئائىلىۋى پىلان؛ بەش يىلدا مەھەللىمىزنىڭ ئۈستىگىنى تاش ياكى سېمونت ئۈستەڭگە ئۆزگەرتىمىز، 15 يىلدا يولىمىزغا شېغىل ياكى ئاسفالت ياتقۇزۇپ بولىمىز، 30 يىلدا پالانى چۆلنى باغ قىلىمىز، 50 يىلدا پۈتۈن ئادەملەر مۇنچىلىق، ئازادە، يورۇق، باغ ـ ۋارانلىق، زامانىۋى ئۆيلەرگە كۆچىمىز دەيدىغان ئورتاق نىشان يوق. ئۆمرىمىز ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۇگۇنكى ئۆپكىنى ئەلا بىلىش بىلەن ئۆتتى. قېرىپ باش ياستۇققا يەتكەندە، باللىرىمىزغا: «مەندىن كېيىن قالساڭلار ئىجىل، ئىناق ئۆتۈڭلار، مەن ئۇلتۇرغان بەش ئېغىزلىق ئۆينى ئونغا كېڭەيتىڭلار» دەپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا: «مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. ماۋۇ بەش ئېغىزلىق ئۆينى بىردىن ئېلىڭلار، مەندىن قالغان قازان ـ قومۇچ، كىيىم ـ كېچەك، دەل ـ دەرەخ، قوي ـ كالا، پۇل ـ پىچەكنى تەڭ ئۈلۈشۈڭلار» دەپ، ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلەرگە مىراس تالىشىپ غالجىر ئىتلاردەك بوغۇشۇشنى، بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ياۋايى قەبىلىلەردەك دۈشمەنلىشىپ كېتىشنى ۋەسىيەت قىلىمىز. بۇ بىزگە ماهىيەتتە، راۋاجلانماڭلار، ۋەيران بولۇڭلار، ئىتتىپاقلاشماڭلار، دۈشمەنلىشىڭلار، دېگەن زاۋاللىق يولى بولۇپ كەلدى.

بىزنى باشقا بىركىم ئەمەس، دەل ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ۋەيران قىلىمىز. ئۆمرىمىز كۈن چىقتى، كەچ بولدى بىلەن هېچقانداق غايە ـ مەقسەتسىز، دەلدۈشلەرچە ئۆتمىسۇن. بىر گەپ بولسىلا: خۇدايىم بېرىدۇ، دەپ كۆزىمىزنى يۇمۇپلا تۇرىمىز، خۇددى ئاللاتائالا ئىگەم: «ئاله قولۇم» دەپ ئاسماندىن تاشلاپ بېرىدىغاندەك. خۇدايىمۇ: «هەرىكەت سەندىن، بەرىكەت مەندىن» دەپتىكەن. هەر قانداق ئىنسان هاياتقا قىلغان ئەقىدە ـ ئەجىرىگە چۇشلۇق نېسىۋە ئالىدۇ. ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك، قورساق تويغانغا شۈكرى قىلىپ، ساقال سىيپاپ ئۆتسەك، بىزدە كۆز ئالدىمىزدىكى بەش يىل، 10 يىل، 30 يىل، 50 يىل هەتتا 100 يىل ئىچىدە ئەل ـ يۇرت پايدىسىغا قايسى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىمىز دەيدىغان پىلان ـ غايە بولمىسا، بولدى دېگەندىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن هىممەت قىلمىساق، بەل باغلاپ چىقمىساق، خۇدا قىلىپ بەرمىدى، دەپ ئاغرىنىپ خەقنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئاغزىمىزنى ئېچىپ هاڭۋاققانچە قاراپ تۇرساق، تۇرغان ئىز ـ ئورنىمىزدا سېسىپ تۈگەيمىز. ئۇنتۇمايلىكى، ئەزەلدىن هەر كىمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا بولۇپ كەلگەن.

## ئىچى قوتۇرلۇق

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «يول باشلىغۇچى» دېگەن كىنودا بىر چاررۇسسىيلىك بىزنى: «راۋاج تاپمايدىغان مىللەت» دەپ تىللىغانىدى. ئۇ گەپ غورۇرىمىزغا تېگىپ قاتتىق قايىندۇق. ئەمما: «بىز قاچان راۋاج تاپماپتۇق» دەپ تازا سەكرەۋېتىپ بىردىنلا دېمىمىز ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. راست، بىز زادى قانچىلىك راۋاج تاپتۇق؟ هازىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلانغان نېمىمىز بار بىزنىڭ؟!

ئەقىل بىلەن ئويلاپ باقساق، 11 ـ ئەسىردە جاهانشۇمۇل ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز يۈسۈپ خاس هاجىپ

بىلەن مەھمۇد قەشقەرى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىككى شاھانە ئەسەر - «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەقدىم قىلغاندىن باشقا، بولۇپمۇ يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە بىز خەقتىن بىرەر تال تۈگمە، يىڭنە ياكى قېرىنداش چاغلىق نەرسە كەشپ قىلىپ، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقان بىرەرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. يۈزىمىز قىزارماستىن خەق ئىجاد قىلغان پويىز، تېلېفون، تېلېگرام، توك چىراغ، سائەت، فاتىفون، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، رادىئو - تېلېۋىزور، ئايروپىلان، ماشىنا، كىنو، پاراخوت، ئۈنئالغۇ، كىنئالغۇ، توڭلاتقۇ، ۋېلىسىپىت، موتسىكلىت... دېگەنلەرنى ئىشلىتىپ كەپتىمىز. قېلىنلىق قىلىپ باشقىلاردىن ئېلىشنى بىلىپتۇقۇ، ئەمما بىزمۇ خەققە: «ماۋۇ مېنىڭ ئەل قاتارى تاپقىنىمكەن» دەپ بېرىشنى بىلمەپتۇق.

مانا بۇ راۋاج تاپمىغانلىقىمىزنىڭ، خەقنىڭ ئەقلى بىلەن ياشاۋاتقانلىقىمىزنىڭ، ئۆز - ئۆزىمىزنى خارلىغانلىقىمىزنىڭ، ئىنسانىيەت ئالدىدە بارغانسېرى قەدىر - قىممىتىمىزنى يوقىتىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئالامەتلىرى بولماي نېمە؟

خوش، ئۇنداق بولسا ئىنسانىيەت ئالدىدا بىز خەقنىڭ قەددىنى تىك، يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان، بىز خەق پەخىرلەنگۈدەك، ھەتتا بايراق قىلىپ تىكلىگۈدەك ئادەم تېخى تۇغۇلمىدىمۇ؟

ياق! ئانىلىرىمىز تارىختىن بۇيان تالاي تالانت ئىگىلىرىنى تۇغدى، تۇغۇپ كېلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ تۇغىدۇ. ئەمما ئاتىلىرىمىز بالا تېپىشنى، ئانىلىرىمىز تۇغۇشنى بىلگەن بىلەن تەربىيىلەشنى تازا بىلمىدى. بوۋاق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا بېشىدىن بېسىپ، مىڭ خىل ئەمىر - مەرۇپ، «يامان بولىدۇ» لار بىلەن قورقۇتۇپ، پۇت - قولىنى چۇشەپ، روھىنى تۇنجۇقتۇرۇپ، يورەكئالدى قىلىپ، تەقدىر - پېشانە پەرەسلىكنى، تاماخورلۇقنى، ھە دېسىلا خۇداغا دەرد تۆكۈشنى ئۆگىتىپ، ئەركىن، شوخ، تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە تەربىيىلەشنىڭ ئورنىغا زاكىسىدىلا قېرىتىپ، قۇل مىجەزلىكنى قان - قېنىغا سىڭدۈرۈپ كەلدى.

ئۆزىمىزنىڭمۇ مىجەزى بارغانسېرى ئۇساللىشىپ كېتىۋاتقان سەۋەبلىك بىرەرسى ئەل پايدىسىغا بىرەر ئىش قىلاي دېسىلا ئىچىمىزدە توڭكۆز قاترايدىغان بولۇپ قالدى. كىمدە كىم بىرەر ساھەدە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىراي دەپ شۇنداقلا تەمشەلسىمۇ، بولدى، «ئىچىمىزدىن پالانچى چىقىپتۇ، بوپتۇ، مەن چىقالمىسامىمۇ سەن بولساڭمۇ چىقىپسەن ئاداش. قېنى ئاغىنىلەر، ئۇنى يۆلەيلى، قىلغان ئىشىنى قوللاپ ھە - ھۇ دەيلى» دېيىشنىڭ ئورنىغا ئىچى قوتۇرلۇق قىلىپ: «مەن تۇرۇپ سەن چىقامدىغان. خەپ گۆي، ماڭمۇ يوق، ساڭمۇ يوق قىلمايدىغان بولسام» دەپ ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى مىللەتكە قانچىلىك پايدىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا قارشى پىتنە - ئىغۋا ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋاستە تاللىماي دۈشمەنلىك قىلىپ كەلدۇق. بىزدىنمۇ چىقمىدى ئەمەس، تارىختا نى - نى ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، جامائەت ئەربابلىرى، ئۇلۇغ قەھرىمانلار چىقتى. ئەمما ئۇلارنى غاجاپ، چىشلەپ تارتىپ، سېسىتىپ، ھەتتا بەزىلىرىنى ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مۇناپىقلارنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ يوقاتتۇق. ھەرگىزمۇ ئۆز ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ئۇنى ھىمايە قىلايلى، كەمتۈك يەرلىرى بولسا ياپايلى، دېمىدۇق. ئاللانىڭ ئىنساننى كەمكۈتسىز ياراتمىغانلىقىنى ئىنكار قىلمىدۇق. خۇددى خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى:

«قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يائۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۈمەن بۆھتانىمىز باردۇر.»

دېگىنىدەك، ھازىرمۇ مەيلى قەيەردىن كىملا چىقمىسۇن يولىغا تۇزاق قۇرۇپ، يۈزىگە قارا سۇۋاپ، سېسىتىپ، يېتىم قالدۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرد - ئەلەمدە كېسەل بولۇپ ئۆلسە، بەزىلىرى بىزگە يۇرتنى ھەتتا ۋەتەننى تاشلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

تېخى يېقىندىلا بىزنى دۇنياغا تونۇتقان ئاتاقلىق ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس چىقىۋېدى، ئۇنى سېسىتىدىغانغا گەپ تاپالماي ئەرگە تەگدى، دەپ ئەيىبلىدۇق. ھاجى پالۋان چىقسا، ئۇنىمۇ خوتۇن ئالدى، دېدۇق. خۇددى بىز خوتۇن ئېلىپ، ئەرگە تېگىپ باقمىغاندەك قىيپكەتتۇق. ئىلگىرى مەن زوردۇن سابىر ئاكىدىن: «بىزدىن نوبېل مۇكاپاتى ئالغۇدەك ئادەم چىقارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «چىقمايدۇ» دېدى. «مېنىڭچە، سىزنىڭ چىققۇڭىز يوقمۇ» دېسەم، ئۇ: «مېنىڭغۇ تازا چىققۇم بار، ئۇكام. ئەمما چىققىلى قويمايدۇ» دېدى. «كىم ئۇچىققىلى قويمايدىغان؟» دېسەم، «بىزنىڭ ئادەملەر بولمامدۇ» دېدى. مانا بۇ گەپلەر ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. دېمەك بىزنىڭ ئادەتلەنگەن ئېگىمىزچە بولغاندا، مۇبادا نوبېل مۇكاپاتىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، ھەممە ئۇيغۇر تەڭ ئالىدىكەنمىز، بولمىسا بىرمۇ ئادەمنى ئالغىلى قويمايدىكەنمىز. بىزنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە ھېسابسىز يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلىرىمىز ئاخىرى خار - زارلىق ئىچىدە: «قىلغانىنى بىلمەيدىغان بىر توخۇ پوقى خەق بار. شۇ خەق

دەل بىزنىڭ ئادەملىرىمىز» دېگەن خۇلاسىگە كەلگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى بۇ ئۇلۇغلىرىمىز مىللەت - ۋەتەن ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئىشنى قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا سەممىي ئادەمدىن تۆتى يوق، ھەممىسلا قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزىنى يۇمۇپ، غەيۋەت قىلىشىدۇ. ئىغۋا توقۇپ سېسىتىدۇ. ھەتتا سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ بېشىغا چىقىدۇ، جېنىغا زامىن بولىدۇ تېخى. شۇڭا، بىز بۇ ئەسىردە بايراق قىلىپ تىكلىگىدەك نوپۇز ئىگىسىگە يېتىنەلمىدۇق. ئىنسانىيەتكىمۇ ھېچ نەرسە بېرەلمىدۇق.

خۇلاسە كالام، خەق بىزنى: «راۋاج تاپمايدىغان مىللەت» دېسە ئۈنچىۋالا سەكرەپمۇ كەتمىگۈلۈك. بۇ گەپنى ھاقارەت دېسەكمۇ راست بولغاندىكىن. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، راۋاج تاپماسلىق تۇگۇل روھىيىتىمىزگە يامراۋاتقان ئىچى قوتۇرلۇق - ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت مەنىۋى ئۆسمە مىللىتىمىزنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بېرىشى، نامىمىز تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كېتىشى قاش - كىرپىك ئارىلىقىدىكى كەلمىش، خالاس.

## قاباھەت ھەشەمخورلۇق، رەزىل ئادەت

بەدەن ئاجىزلىغانچە ئادەمگە چوڭ - كىچىك كېسەلنىڭ ھەممىسى كېلىپ چاپلاشقاندەك، چۈشكۈنلىشىپ ئەخلاق، ئېتىقاد، دىن، غورۇر، ۋىجدان، شان - شەرەپ، نومۇس سېزىمى قاتارلىق مىللەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي قانۇنلارنى بارا - بارا يوقىتىپ قويۇۋاتقان، ھال - كۈنى سېرىقتال خەلقىمىزدە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىمدىكى ھەددى ھېسابسىز قائىدە - يوسۇن، ھەشەمەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئاپەت خاراكتېرلىك ئىپلاس ئادەت بارغانچە ئەۋج ئالماقتا. بۇ ئادەت ئورۇق - ئاجىز بەدەندىكى قان شىرىسىنى شوراپ تۈگىتىپ ئادەمنى ھالاك قىلىدىغان زەھەرلىك ئۆسمىدەك، مىللەت گەۋدىسىنى كۈندىن كۈنگە زەئىپلەشتۈرۈپ، بارغانسېرى ئۆلەمجان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

«ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك، خەلق ئېغىر ئەمگەك، سوغۇق، نامراتلىق دەستىدىن ئازاب چېكىۋاتسا ئېچىرقاپ كەتكەن چارۋىلاردەك بىر يەرگە يىغىلىشىپ كۈنلەپ - كۈنلەپ، ھەتتا ھەپتىلەپ ئايىغى ئۈزۈلمەس توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇش، ئويۇن - تاماشا قىلىشلار؛ كۆزى پىلدىرلاپ نالە قىلىۋاتقان ئاجىز - بىچارە تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئالىي پىكاپلاردا توي تارتىپ، مازلىشىپ ماشىنا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ مېڭىشلاردىن ئىبارەت بۇ قاباھەت ھەشەمخورلۇق - رەزىل ئادەتنى بىزگە ھېچكىم، ھېچقانداق كۈچ مەجبۇرلاپ تاڭغىنى يوق، بەلكى ئىككى نان تاپسا بىرىدە داپ چالىدىغان، كۆتىنى ئوچۇق قويۇپ بويىنىغا مارجان ئاسىدىغان، يۈز - كۆزىنى ئالۋاستىدەك بوياپ پۇرۇچ قورچاقتەك ئۇسسۇل ئويناپلا يۈرىدىغان بىز خەق تاپتۇق، مەنىۋى بويۇنتۇرۇق قىلىپ ئۆزىمىز خالاپ بويىنىمىزغا سالدۇق.

بىر كىم قازا قىلسا، پالانچى بىزنى مېھمان قىلماي ئۆلۈپتۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ھېچنېمىسى قالمىسۇن، دېگەندەك قىلىپ مېيىتنى كۆمۈۋېتىپلا باشلىنىدىغان ئۈچى، يەتتىسى، قىرىقى، يىلى دەيدىغان ئۈزۈنغا سوزۇلغان يەپ تۈگىتىشلەرنىڭ - دىنىي ئىسلام قاتتىق ئۆچ كۆرىدىغان، تولۇق ئىنكار قىلىدىغان بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ چىلبۆرىلەرنىڭ ۋەھشىيلىكى - ياۋۇزلۇقىدىن نېمە پەرقى بار؟ چىلبۆرىلەر توپ بولۇپ ياشايدۇ، لېكىن پېتىشماي دائىم ئۇرۇشۇپ - تالىشىدۇ. مۇبادا بىرەرسى ئۆلسە، ھەممىسى كېلىپ ئۇنى تىتما - تىما قىلىپ يەپ، ئۇستىخانلىرىنى چايناپ تالقاندەك قىلىپ يۇتۇۋېتىپ، يەر يۈزىدە ئىزىنى قويمايدۇ. بىز خەق بىلەن چىلبۆرىلەرنىڭ بۇ ئوخشاشلىقى تۆتىم دەۋرىدە قاندىن ئۆتكەنمۇ - يە؟ چەل ئەللىكلەر: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش - ئەمەلى تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە سورۇن تۈزۈپ يەپ - ئىچىشلا ئوخشايدۇ. ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىمايدىغان خەقكەن» دېيىشەرمىش بىزگە ھەيران قېلىپ. پەقەت ھايۋان يەپ - ئىچىشنىلا ئويلايدۇ. ئۇنداقتا بىزنىڭ ھايۋاندىن گەپ قىلىش بىلەن كىيىم كىيىشتىن باشقا نېمە پەرقىمىز قالدى؟ دېمىسىمۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئاشۇ گېپى توغرا ئەمەسمۇ؟ ئەقلىمىز گەجگىمىزگە ئۆتۈپ قالمىغانلا بولسا، ھۇشىمىزنى يىغىپ، مۇشۇنداق ئىسراپخورلۇقلارغا خەجلىگەن شۇنچىۋالا پۇلنى نېمىشقا مەكتەپ، يەسلى سېلىش، مەھەللىمىزنىڭ يولىنى ياساش، يەنىمۇ ئېشىنالىساق دۇنيانى ساياھەت قىلىپ نەزەر - كۆزىمىزنى ئېچىشتەك ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلمايمىز؟ بىزگە رودېپايدەك چاپلىشىۋېلىپ ئالغا باستۇرمايۋاتقان، يىلىكىمىزنى شوراپ، تاپقان - تەرگىنىمىزنى قۇرۇتىۋېتىۋاتقان بۇنداق قائىدە - يوسۇنلار بىلەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم سالغىچە، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارنى بىزمۇ ئېنگلىزلار ۋە ئەرەبلەردەك ئەڭ يېقىن تۇغقان، دوستلار بولۇپ ئوتتۇزغا يەتمىگەن ئادەملەر بىلەنلا قىلىپ تۈگەتسەك، ئات تويى، بۇشۇك تويى، سۈننەت تويى، ئۈچى، يەتتىسى، قىرىقى، يىلى دېگەنلەرنىڭ ئورنىغا پۇلنى تۇغۇلغاننى ئوبدان بېقىپ تەربىيىلەشكە، ئۆلگەننىڭ ھايات

چېغىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئورۇنداشقا خەجلەپ، ئۆلۈكنى گۆرىدە خاتىرجەم ياتقىلى، تۇغۇلغاننى ساغلام ئاينىغىلى قويساق بولماسمىدى؟

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايلىكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مۇشۇنداق تۈكى يوق ھەشەمخورلۇقلارنىڭ تولىسىنى سىلەر خوتۇن خەقلەر تېپىۋاتىسىلەر. تۆت خوتۇن بىر يەرگە كەلسەڭلار كىيىم بىلەن چاينىڭلا گېپىنى قىلماي بالىنى قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسىنى كۆپرەك ئويلاڭلار.

توي - تۆكۈن، ئۆلۈم — يېتىمدىكى ھەشەمخورلۇقلار، تۈگىمەس قائىدە - يوسۇنلارنى ئەيىبلەپ، مىللەتنى خارابلاشتۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدە جىق گەپلەر بولۇندى، ئۆتكۈر ماقالىلەر، دراما، ئوپېرا ۋە كىنو فىلىملىرى يېزىلدى، ئىشلەندى، ئوينالدى. چاقىرىقلار چىقىرىلدى. ئەمما بەزىلىشىپ، قاداقلىشىپ كەتكەن تەتۈر مىجەزلىك روھىيىتىمىزگە خۇددى تاشقا يامغۇر كار قىلمىغاندەك، بۇ پايدىلىق گەپلەر يۇقمىدى. ئەكسىچە، ئادەت خاراكتېرىنى ئېلىپ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەندەك، تېخى ئەقلىنى تەلتۆكۈس يوقاتمىغان جامائىتىمىز سەممىگە مەنمۇ ئەل قاتارى «ئەيش - ئىشرەتنىڭ باش كۆتۈرۈشى - مىللەتنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ باشلىنىشى» دېگەن ھېكمەتنى سالغۇم كەلدى. گەرچە ئادەملىرىمىز «ھە» دەپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغان بولسىمۇ.

## ماختاش ۋە ماختىنىش كېسىلى

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكا، مۇساجان ئەزىزى ئاكا، قادىر ئەكبەر ئاكىلار بىلەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە بولغان چېغىمىزدا ئۆتكۈر ئاكا مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ئاكىنىڭ بىر كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆتكۈر ئاكا ئەھمەد زىيائى ئاكىدىن سوراپتىكەن:

- ئەپەندىم، سىلى ئۆمۈرلىرىدە بىر كىمنى ماختاپ باققانمۇ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ پوقنى يېمىگەن بولغىيتتىلە.

ئەھمەد زىيائى ئاكا كۈلۈپ كېتىپ:

- بىزدە ئۇنداقلارنى تاپماق دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك بىر ئىش ئوخشايدۇ. 16 يېشىمدا بىر رەسۋا بولمىغان بولسام كېيىن ماختانچاق ھەم يالغانچى بولۇپ قالاركەنمەن. شۇ چاغلاردا ئاكام مۇھەممەد فەيزى قەشقەرى رەھمىتى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ھوزۇرىدا كاتىپ ئىكەندۇق. ئاكامنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەنمۇ كاتىپ بولۇپ كىردىم. تۇرۇپ كۆڭلۈمگە شەيتان كىرىپ، مەن ئاكامدىن يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشۋالمايمۇ دېگەن تاما بىلەن، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ مېنى كاتىپلىققا ئالغىنىغا رەھمەت ئېيتىشنى باھانە قىلىپ ئۇ ئادەمنى مەدھىيىلەپ، ماختاپ ئوتتۇز نەچچە كۇپلېت قەسىدە يازدىم. ئۇنى سوت بىلەن پەتلىگەن ئالاھىدە قەغەزگە راسا چىرايلىق خۇشخەتچىلەپ كۆچۈرۈپ، چىرايلىق قاتلاپ تۇتۇپ تۇرسام مەھمۇد مۇھىتى تورۇسقا تېگەي دەپ قالغان ئېگىز بويىنى سەل گۇرسۇلدەپ دەسسەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم ئىشىكتىن كىرسە تۇرپان پەدىسىدە:

- ھوي باللا، ئىشلەۋاتامسىلە، - دەپلا ئىچكىرى ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىدىغان. بۇ قېتىم مېنىڭ ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

- ھە، ئەھمەد بالام، گېپىڭ بارما؟ - دېدى بوم ئاۋازى بىلەن.

- خوش تەقسىر، - دېدىم بېشىمنى ئېگىپ.

- خوش تەقسىرىڭنى قويۇپ گېپىڭ بولسا ئۇدۇل دەۋەر، ئوغۇل بالا دېگەن مەزلۇم سۈپەت بولۇۋالسا قاملاشمايدۇ.

تىترەپ، تەرلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاتلاقلىق قەسىدەمنى بەردىم. ئۇ گۇرسۇلدەپ دەسسەپ كىرىپ كەتتى. پەم بىلەن جايىمغا كەلدىمدە، باش كۆتۈرمەي مۈكچىيىپ ئىشلەۋاتقان ئاكامغا يەر تېگىدىن قاراپ، ئىچىمدە: «بىچارە، مېنى مەھمۇد سىجاڭغا سەن تونۇشتۇرغاندىڭ. ئەمدى سىجاڭ مېنى سەندىن ياخشى كۆرۈپ، ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرىدىغان بولدى. مەن زادى سەندىن ئۈستۈن تۇرمىسام بولمايدۇ» دەپ خۇشاللىقىمدىن ئىچىمگە سىغماي ئولتۇردۇم. بىر كەمدە ئىچكىرى ئىشخانىدىن جوزىغا «گۇم» قىلىپ ئۇرۇلغان مۇشتنىڭ، ئاندىن سىجاڭنىڭ قاتتىق ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كاتىپلار، مۇھاپىزەتچىلەر تىڭ تۇرۇپ كېتىشتۇق. مۇھاپىزەتچىلەر ئىچكىرىگە ئوقتەك كىرىپ كەتتى. مەھمۇد سىجاڭ:

- قېنى ھېلىقى يېڭى كەلگەن ھارامزادە مىرزا، - دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

قورققىنىمدىن ھوشۇمنى يوقاتقىلى تاس قالدىم. مۇھاپىزەتچى يىگىتمۇ تاتىرىپ، مېنى ئىچكىرىگە كىرىشكە ئىشارەت قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. پۇت - قولۇمدا جان يوق تەستە ئىچكىرى ئىشخانىغا

كىردىم. سىجاڭنىڭ قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدۇ. تىترەپ تۇرغان قولىغا تاپانچە ئېلىۋاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بېشىم قېيىپ، تىزىم پۈكلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم.

ـ بۇنى سەن يازدىڭمۇ؟

ـ خوش . . . تەقسىر.

ـ ھۇ، تەقسىرىڭنىڭ يەتمىش پۇشتىنى. . . مۇشتەك تۇرۇپ ھارامزادىلىكنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟

بىر تال تۈكۈمدىن مىڭ تامچە تەر قۇيۇلۇپ، قورقىنىمدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سىجاڭ سەل يۇمشاپ، تاپانچىسىنى قېپىغا سېلىپ، يېلىپىز تېرىسى سېلىنغان ياغاچ ياغىچى ئۈستىلىدە ئولتۇردى.

ـ دەپباقە، نېمە مەقسەتتە مېنى بۇنچە ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتىڭ. سەن دىنىدا ئوقۇپسەن، ھازىرغىچە ئاللانى مەدھىيىلەپ شۇنچىلىك قەسىدە يېزىپ باقتىڭمۇ؟

زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالغانلىقتىن، ئۈندىمەي تۇردۇم.

ـ ئىلمى بار دەپ ئاكاڭ سېنى تونۇشتۇردى. بالا بولساڭمۇ ئىشلىسۇن، دېدىم. يەنە مەندىن نېمىنى تاما قىلىپ مېنى مەدھىيىلىدىڭ؟ نېمە تاما قىلغان بولساڭ ئوچۇق دە، مۇرادىڭغا يەتكۈزەي.

ئىت ياڭىقىدەك تىكەنلىك ئاچچىق نەرسە بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ گەپ قىلدۇرمىدى. گۆشيۈپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ سىجاڭ قاتتىق ھۆركىرىدى:

ـ پۇل تاما قىلدىڭمۇ؟ ئالتۇنمۇ؟ تىللامۇ؟ ياكى ئەسكەر باشلىقى بولغۇڭ بارمۇ؟ مېنىڭ مەنسىپىمنى تاما قىلغان بولساڭ ساڭا ھازىرلا بېرەي. . .

ـ ياق. . . تەقسىر. . . دېگىنىمچە يىقىلىپ چۈشتۈم. مۇھاپىزەتچى يۆلىۋالدى. ھۆڭرەپ، ئېسەدەپ يىغلاپ، زادىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم، سىجاڭ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

ـ پەيغەمبىرىمىز: سېنى يۈزۈڭگەدىن ـ يۈزۈڭگە ماختىغان ئادەمنى قانداق قىل دېگەن؟!

ـ يۈ. . . يۈزىگە توپا چاچ، ئۇنىڭدىن ھېزى بول، نېرى قاچ، دېگەن.

ـ بالام، سەن تېخى گۆدەك ئىكەنسەن، يۈزۈڭگە توپا چاچسام بولماس. ئەمما بالا تۇرۇپ بۇنداق مەرەز كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالساڭ، سەن ئادەم بولماي تاپان يالايدىغان لالما ئىت قاتارىدىن قوپىسەن. بىر ئادەمنى يۈز تۇرانە ماختىغان ئادەمدە چوقۇم ئىنتايىن رەزىل قارانىيەت، پەس غەرەز بولىدۇ. ئۆزىنى ماختىغان ئادەممۇ يۈزىگە پەرداز قىلىپ، سەتەڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان پەسەندى خوتۇنلاردەك داپ يۈز كېلىدۇ. ئۇياتلىق، ئەدەبلىك، ئىنسان تەبىئەتلىك ئادەم ماختىمايدۇ، ماختانمايدۇ. بۇ گەپنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. ئىشتىن بىكار قىلاي دېگەن، بالا بولغۇنۇڭ ئۈچۈن ئاتىدارچىلىق قىلاي، ماڭ، چىقىپ ئىشىڭنى قىل!. . .

شۇ چىققانچە ئۈچ كۈن دۈم يېتىپ يىغلىدىم. ئىشخانىغىمۇ ھەرگىز يولىمىدىم. شۇ ئىزا ـ ئاھانەتلىك، نومۇسلۇق كۆرۈنۈش يۈرىكىمگە ئورناپ كېتىپ، شۇندىن ئېتىبارەن ماختاشتىن خالىي ياشىدىم.

ئۆتكۈر ئاكىنىڭ بۇ ئىبرەتلىك ھېكايىسى ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. خوش، بۈگۈنكى كۈندىچۇ؟

خۇشامەتچىلىك ئازىيىشنىڭ ئورنىغا شاخلاپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، مەلۇم مەنپەئەتنى كۆزلەپ مەنسەپ ـ ئىمتىياز ئىگىلىرىنى ماختاش، ئۇلارغا قاتلامۇ قاتلام خۇشامەت قىلىش جەمئىيەت خاراكتېرلىك رەزىل ئىللەتكە ئايلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەلنىڭ ھۆرمەت تەختىدىكى مۆھتەرەملىرىمىزدىن تارتىپ ئاۋام پۇقراغىچە ئۆزىنى ماختاش ئادەت خاراكتېرىنى ئېلىپ يامراشقا باشلىدى. ماختاش ـ ماختىنىشلارنىڭ تېتىقسىزلىقىدىن ئادەمنىڭ قۇسقىسى كېلىدۇ. ئادەملىرىمىز بارغانچە نومۇس سەزگۈسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ماختانغانسېرى ئۆزلۈكىدىن سېسىپ، بىر پۇلغا قىممەتلىشىپ، خەقلەر كۆزىگە ئىلمىغانچە چۈشكۈنلىشىپ، تېرىكككەك، سەپرا، چىدىماس، جېلىخور، جېدەلخور، سالام تاماخور، دادخور بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

قېنى، پېشانىمىزنى سىلىۋېتىپ ئوبدانراق ئويلاپ باقايلى. قايسىمىز قايسى تاغنى يۆتكەپ بەرگەنگە، قايسىمىز ۋەتەن ـ خەلق ئۈچۈن قانداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىۋەتكەنگە شۇنچە ماختىنىمىز؟ ئەگەر بىز «نومۇس» دېگەن ئالىي ئىنسان ئېڭىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەن بولساق ئۆزىمىزنى تولا ماختىمايلى. ئاگاھ ۋە دانا بولايلىكى، ماختاش ـ ماختىنىش كېسىلى دۇنيانى ۋەھىمىگە سېلىپ، ئىنسانىيەتنى يەپ كەتمەكچى بولغان ئەيدىزدەك، مىللىتىمىزگە تارقىلىۋاتىدۇ. «خۇشامەتچى ـ ماختانچاق كۆپەيسە تۈگەشكەننىڭ بەلگىسى» دېگەندەك، بۇ رەزىل ئىللەت ئەمەلىيەتتە بىزنى تۈيدۇرماي زاۋاللىققا ـ ھالاكەتكە باشلاۋاتىدۇ.

خۇلاسە كالام، ھېچقايسىمىز تېخى ئۆزىمىزنى داڭلىغىدەك چوڭ ئىش قىلمىدۇق، ماختىنىشتىن

ھېجىل بولايلى. شۇنى يەنە ئۇنتۇمايلىكى، پەزىلەت ئىگىسى ماختىمايدۇ، ماختانمايدۇ. لېكىن ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى ئۈنسىز ياخشى خۇي - پەيلى، ھەرىكىتى بىلەن قايىل قىلىپ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. «ئوڭ قولنىڭ ياخشى ئىشىنى سول قول كۆرۈپ قالمىسۇن» دېگەن روھ بىلەن ياشايدۇ.

# ھازىرقى ھالىتىمىزدىن تېز سىزما

## ئىبراھىم ئەمەت

ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆز قىممىتىگە توغرا باھا بېرەلمەيدىكەن، ئۇ مەۋجۇت بولۇشتىن قالىدۇ.
— نىتزى

بىز باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئۆز ئەيىبلىرىمىز ۋە بەتبەشىرە قىلىقلىرىمىز ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغان چاغدا غەزەپلەنگەنلىكىمىزدىن ئۇ خەقنى ئېغىزغا ئالغۇسىز ئەپسانە گەپلەر بىلەن تىللاپ كېتىمىز. شۇ ئەيىبلەرنىڭ ئۆزىمىزدىمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئەسلا بوينىمىزغا ئالغۇمىز كەلمەيدۇ. خۇددى جاھىل - نادان ئادەم يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بەدىنىدە كۈنسېرى چوڭىيىپ، ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنمەستىن، ئاغرىقىنى يوشۇرۇپ، روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئالداپ: «مەن ساق، خۇدايىم ساقلايدۇ» دەپ ئاخىرى ئۆز جېنىغا ئۆزى زامىن بولغاندەك، مىللىتىمىز گەۋدىسىدىكى ئۆز - ئۆزىنى بىلمەسلىكتىن ئىبارەت زەھەرلىك ئۆسمىمۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، بارغانسېرى ئەدەپ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بىزنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقى مۇقەررەر.

تۆۋەندىكىلەر مەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئازغىنا ئىشلار. بۇ ھەقتىكى گەپ - سۆزلەر بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئاز - تولا ئويلىنىشقا سالالىسا ئەجەب ئەمەس.

## ياخشى نىيەتكە يامان جاۋاب

زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشىنى زادى بىر چۈشىنىپ باققۇم بار ئىدى. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، خىزمىتىمدىكى قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئاخىرى بۇ پۇرسەتكىمۇ ئېرىشتىم. چېكىشۋازلىق جەريانىدىكى تەپسىلاتلارنى بايان قىلماي، نەق گەپنى قىلسام، بۇ يىگىتلەر چېكىۋېتىپ ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشتى:

A: مۇشۇ خىروئىن دېگەنزە ئەجەب بەلەن نەرسە، ئۇنىڭدا پۈتۈن دۇنيانىڭ ھوزۇرىنى سۈرگەندىن سىرت ھەم ئۆزۈڭنىڭ پۇلىنى كۆز - كۆز قىلالايسەن، ھەم ئۇلپەت تاپالايسەن. لېكىنزە ھۆكۈمەت دېگەننىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چەككەنلەرنى ئۇنداق قىلىمىز، مۇنداق قىلىمىز، دېگىنىنى ئاڭلىساملا ئەرۋاھىم ئۇچىدۇ.

B: ئۇنى بىر دېمە ئاداش، بىر مەزگىل گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزور، كىنو - تىياتىرلاردا بىزنى تازا چىشلەپ تارتتى. «باللارنى ئاق ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالايلى» يەي، «بىز سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمىز» يەي. . . دەپ داۋراڭ سېلىشتى. مەن بەزىدە يانچۇقىمدا بىر موچەننىڭ تايىنى يوق ئاشۇ زىيالىي دېگەنلەر بىزنىڭ چەككىنىمىزگە چىدىماي، پۇلنى ساماندەك خەجلىگىنىمىزگە كۆزى قىزىرىپ، شۇنداق دەمدىكىن، دەپ قالىمەن.

C: . . .

D: . . .

## بىز نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟

— زىيالىيلار: بىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك زىيالىيلىرىمىز ئۇيغۇر تارىخىدىكى سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆتكەن خانلىقلار ھەققىدە خاموش لاپ ئۇرۇپ، تارىختىكى ئۇلۇغلىرىمىز بىلەن ماختىنىشقا ئامراق. ئۇلار ھە دېگەندە: «بىز بۇرۇن ئۇنداق ئۇلۇغ خەلقتۇق، مۇنداق ئەقىل - پاراسەتلىك مىللەتتۇق، تۈگەشتۇق. . .» دەپ زارلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق. ئۇيغۇر تارىخىدا ھەقىقەتەن سەلتەنەتلىك دەۋرلەر، مەشھۇر خانلىقلار، خانلار، دۇنيا مەدەنىيىتىگە بىقىياس ـ كاتتا تۆھپە قوشقان مۇتەپەككۇرلەر، ئالىملار، سەنئەتكارلار، ئەدىبلەر ئۆتكەن. بۇ تارىخ، ئەمما ئۆتمۈشكە ئايلانغان تارىخ.

تۇنۇگۇن بۈگۈننىڭ ئۆلچىمى ئەمەس. خوش، ئىنسانىيەت مىسلىسىز زور تەرەققىياتقا ـ ئاتوم، ئېلېكترون دەۋرىگە كىرگەن 20 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار زادى قايسى ھالدا تۇرىۋاتىدۇ؟! مىللەتنىڭ تەقدىرىگە تاقىلىدىغان مانا بۇ تېما بىز كۆڭۈل بۆلىدىغان، مۇھاكىمە، تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان قىزغىن نۇقتا ئىدى. ئەمما بىز ھەدېگەندە پو ئېتىپ، تېرىمىزگە سىغمىغان ھالدا ئوغۇزخاننىڭ ئېتىغا مىنىۋېلىپ سەيلە قىلدۇق. ئويناپ ھارغاندا مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نى تەكيى قىلىپ ئۇخلىدۇق. ھاراقنىڭ كەيپىدە مەست بولغاندا نەۋائىي غەزەللىرىنى ئوقۇدۇق. ئالىجوقا توۋلاپ قىدىرخان، ئامانىساخانلار رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرغان «12 مۇقام» غا ئۇسسۇل ئوينىدۇق. بۇ ئۇلۇغلار بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىز ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ماختىنىشتىن، پو ئېتىشتىن باشقا مۇنداق بىر نەچچە ئىشنى قىلدۇق:

**بەزى ئۆلىمالار:** سەللىنى قازاندەك ئوراپ، قۇرئاننى مەنىسىنى چۈشەنمەيلا ئوقۇپ، خەلقىمىزگە ئىسلام دىنىنى مەزمۇنەن ئەمەس شەكلەن سىڭدۈردى. ئەسلى مۇسۇلمانچىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بويىچە ئېتىقاندا (بىلىم چىندا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار، دېگىنىدەك)، پەننىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولماستىن، ئەكسىچە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما بىزنىڭ بەزى ئۆلىمالىرىمىز تەرىپىدىن بۇرمىلانغان «دىن» خەلقىمىزگە تۈگىمەس «يامان بولىدۇ» لاردىن باشقىنى ئۆگىتەلمىدى.

**ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى:** ئۇلار ئالىي مەكتەپ قويىنىغا كىرگەندە غايىلىك، ئۈمىدلىك ياشلار ئىدى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپ ساندىكىلىرى ئۇلۇغۋار غايە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى هاراق ئىچكەن چىملىقلاردا ياكى مۇھەببەتلەشكەن كۆل بويىدا ئۇنتۇپ قېلىپ، قۇرۇق قول مەكتەپ پۈتتۈردى. ئۇلار «ستودېنت» نامىغا ئېرىشتىيۇ، بىلىم ـ ئىقتىدار ئىگىلەشنىڭ ئورنىغا ئاشقازان كېسىلى ۋە مۇھەببەت تەجرىبىلىرىنى قولتۇقلاپ، جەمئىيەتكە قەدەم قويدى.

**بىر قىسىم ياشلار:** يۇقىرىقىدەك پۇلىنى كۆز كۆز قىلىپ زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلدى.

**خېلى كۆپ ساندىكى بىر قىسىم خەلق:** دۆلەتنىڭ «نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش پۇلى» غا تايىنىپ ياشىماقتا.

مانا بۇ بىزنىڭ خەلقىمىز.

**خىيال:** ھەر قېتىم بىز شالىمىزنى چاچرىتىپ، تېرىمىزگە سىغماي، پو ئېتىپ كېتىۋاتقان چاغدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇ دۇنيادا تۇرۇپ، بىزدىن سەسكىنىپ، بىزدەك پەرزەنتىنىڭ بولغىنىدىن يىرگىنىپ، بىزنى قاغاۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن. چۈنكى بىزدە «ئاتا ـ ئانىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى كەلمەس» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ.

## ئەسەبىي دورامچىلىق، نادانلىق

بىز كوچىلاردا كېتىۋېتىپ، ساپسېرىق ياكى مىسرەڭ بويالغان چاچلارنى، بەدەننىڭ ھەممە يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان خەلىتە، ئەمما ھەممە ئادەمنىڭ قارىغۇسىنى كەلتۈرىدىغان كىيىملەرنى كىيگەن ھەر خىل يېرىم يالىڭاچ قىز ـ ئاياللارنى كۆرۈپ قالىمىز.

يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ ئىش خېلى مودا بولۇپ قالدى. كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھازىرقى جەمئىيەتتە بۇلارغا ئارىلىشىش ئەسلىدىنلا ئارتۇق ئىش ئىدى. ئەمما بىز قارا سۇمبۇل چاچلارنى كېسىپ ئېنگلىزلارنى دوراپ سېرىق بويىغاندۇق، ئېنگلىزلارغا ئۆزگىرىپ قالمىدۇق، مىسرەڭ ياكى قىزىل بويىغاندۇق، فرانسۇز ياكى رۇسقا ئۆزگىرىپ قالمىدۇق، پەنىلا ئۇيغۇر پېتى تۇرىۋەردۇق. بەلكىم مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا، شۇ بويالغان قىزىل ۋە مىسرەڭ چاچلارنىڭ ئىگىلىرى خۇدانىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆزىنىمۇ كۆك ياراتمىغىنىغا ياكى ھۆكۈمەتنىڭ كۆزنى كۆك بويايدىغان بىرەر گىرىم بۇيۇمىنى ئىشلەپ چىقارمىغىنىغا ئىچىدە خۇدانى ۋە ھۆكۈمەتنى مىڭنى تىللاۋاتقاندۇ؟

قايسىبىر يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇنداق بىر ماقالىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە: بىر فرانسۇز شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاشلىرىنىڭ توم ـ ھەم قارا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ھەم

تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئوسمىنىڭ قاش ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە رولى بارلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «ئوسما گىرىم بۇيۇملىرى چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى» قۇرۇلدى.

بەلكىم نۇرغۇن غەربلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قارا، ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىنى، بەرگى قىياقتەك قارا قاشلىرىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنىڭ پاخماق باش بولۇپ قالغىنىغا ھەسرەت چېكىپ: «مېنىڭمۇ ئاشۇنداق ئۇزۇن، قارا سۇمبۇل چاچلىرىم بولغان بولسا - ھە!» دەپ لىۋىنى چىشلەپ يۈرگەندۇ. بىراق ئۇلار لىۋىنى ھەر قانچە چىشلەپ قانىتىۋەتسىمۇ، ھەرگىز چېچىنى قارا بويىيالمايدۇ.

قارا - ئەسلىدىنلا سۈرلۈكلۈك، سالاپەتلىكلىكنىڭ سىمۋولى ئىدى. شۇنداقلا خۇدا ئەڭ دەسلەپ ياراتقان ئىككى خىل رەڭنىڭ بىرى ئىدى (ئاق ۋە قارا رەڭ ساپ رەڭ بولۇپ، باشقا رەڭلەر ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇش، تەڭشەش ئارقىلىق ياسىلىدۇ - ئاپتور). بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ قانداق قىلىپ، بۇ ئۇلۇغ رەڭدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر ئەبجەش رەڭنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدىم.

## ھازىرقى ئاڭ فورماتسىيىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىز

مەن بىز خەقنىڭ پوچىلىقى، دورامچىلىقى، نادانلىقى، ھەسەتخورلۇقىنى ئويلاۋېتىپ، ھازىرقى ئېڭىمىزنى ۋە قىممەت قارىشىمىزنى نېمىدەپ چۈشىنىش كېرەك؟ دېگەن پىكىرگە كېلىپ قالدىم.

مېنىڭ يۈزەكى قارىشىمچە: بىزدە ھازىر بىرلىككە كەلگەن، مۇكەممەل ئاڭ مەۋجۇت ئەمەس، بىزنىڭ ھالىمىز «قىسقۇچ پاقا، كەپتەر، توشقان ۋە كېمە» ھېكايىسىگە بەك ئوخشايدۇ. قىسقۇچ پاقا بۇ كېمىنى سۇغا قاراپ سۆرىمەكتە، كەپتەر ئاسمانغا، توشقان قۇرۇقلۇققا قاراپ ھەدەپ تارتماقتا. مەركەزدىن قاچقان بۇ ئۈچ خىل كۈچنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىدە بۇ غايەت زور كېمە مىدىرلاپمۇ قويمىدى!

بىر مىللەت، مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولماقچى ھەم تەرەققىي قىلىپ زورايماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان قىممەت قارىشى بولۇشى، بۇ خىل ئىدېئولوگىيە ۋە قىممەت قارىشى شۇ مىللەتنى ئاڭ جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرەلىشى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلالىشى لازىم. شۇندىلا بۇ مىللەت تەرەققىي قىلالايدۇ، زورىيالايدۇ.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئۇرۇش خارابىسىگە ئايلانغان، بىر تال مەدەن چىقمايدىغان ئارال دۆلىتى ياپونىيە 40 نەچچە يىللىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلىنالىدى؟ بۇنىڭدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن باشقا، پۈتكۈل مىللەتتە بىر خىل داخىي مىللىتى روھى، داخىي قىممەت قارىشىنىڭ بولغانلىقىدىن باشقا ھېچقانداق سىر يوق.

بىزنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر»، «خۇش چاقچاق»، «مېھماندوست»، «ئويۇنخۇمار»، «ئاق كۆڭۈل» دېگەندەك چىرايلىق ناملىرىمىز بار. بۇلار بىزنىڭ نېمىمىزگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟ سىگانلار بىزدىنمۇ ئۆتە ناخشا - ئۇسسۇلخۇمار خەلققۇ؟ بۇ، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىنىپ كۆرىدىغان سوئال، ئەلۋەتتە.

## چۈش

مەن بىر غەلىتە چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئەرشتە ئىمىشمەن. بىر چاغلاردا ئاللانىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ قاپتىمەن، دەرۋازىۋەن پەرىشتىلەر مېنى قوغلايمىش، مەن: «ئاللا بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتىمەن. بىر چاغدا بىر پەرىشتە چىقىپ مېنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ ھەشەمەتلىك ئوردىدا ھېچكىم يوقمىش، مەن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرسام غايىبتىن بىر سادا كەپتۇ:

- ئەي يىگىت، نېمىگە كەلدىڭ؟!

- ئى ئاللا، مەن يەر شارىدىكى «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتتىن. ئۆزلىرىدىن: «بىزنى ياراتقاندا، قانداق تۇپراق ۋە روھتىن ياراتقان بولغىيتتى؟» دەپ سوراپ باقاي دەپ كەلدىم، دەپتىمەن.

- مەن بارلىق روھ، پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، بىر تۈز سىزىقلىق ئادالەت بىلەن ياراتتىم.

ئاللانىڭ ئاۋازى سۈرلۈك ھەم ھەيۋەتلىك ئىدى. مەن چۆچۈپ ئويغاندىم، شۇ تۈز سىزىقنى ھاسىل قىلغان سانسىز نۇقتىلار ئىچىدە بىز بىرەر چېكىتكە ۋەكىللىك قىلالامدۇق - يوق؟ بۇ نامەلۇم، كېيىنكى قېتىم چۈشۈمدە ئاللانى كۆرۈشكە نېسىپ بولسا، بۇنى سورىغاچ كېلەرمەن. M1

www.uyghurkitap.com





## مەكىت ناھىيىسىدە دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە

مەكىت ناھىيىسى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. دولان مۇقاملىرى ئاساسىدا ئورۇندىلىپ كېلىۋاتقان دولان ئەلنەغمىلىرى يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ.

دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇپ ساقلاپ قېلىش 12 مۇقامنى رەتلەش، تەتقىق قىلىشقا ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ، ناھىيە بويىچە ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنى ئاساس قىلغان «دېھقانلار مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى» ئۆتكۈزۈش، يېزىلاردا ھەر يىلى بىر قېتىم «دېھقانلار مەدەنىيەت - تەنتەربىيە بايرىمى» ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. يېزا مەدەنىيەت پونكىت (مەركەز) لىرىدە دولان راۋابى، قالۇن، دولان قىلغىجىكى ۋە دولان نەغمە دېپىدىن ئىبارەت بىر يۈرۈش دولان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسىتىپ، دولان مۇقامچىلىرىنىڭ دولان مۇقاملىرىنى ئۆگىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دولان مۇقام - كۈي شەكىللىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بەردى. دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش جەريانىدا ئارخىپ تۇرغۇزۇش، مۇقام تېكىستلىرىنى ئايرىم خاتىرىلەش ۋە مۇقاملارنى رايون بويىچە ئايرىم - ئايرىم، قايتا - قايتا ئۇنئالغۇغا ئېلىش خىزمىتىنى ئىنچىكە ئىشلەپ مۇقامنى؛ مۇقام تېكىستلىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئاساس ياراتتى. 1992 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئۈچ كىشىلىك دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسى 40 كۈن جاپالىق ئىشلەپ، ناھىيىدىكى توققۇز يېزا، 95 كەنتنى ئارىلاپ 132 نەپەر مۇقامچى (ئەلنەغمىچى) بىلەن ئۇچرىشىپ، دولان توققۇز مۇقامنىڭ كۈي شەكلى، 11 مۇقام تېكىستى، 19 خەلق ناخشىسىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىپ خاتىرىلەپ چىقتى. ناھىيىلىك دولان ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى 1986 - يىلدىن باشلاپ ئۈنئالغۇغا ئېلىنغان ۋە تېكىستلىرى خاتىرىلىنىپ رەتلەپ چىقىلغان دولان مۇقاملىرىنىڭ ۋە دولان خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۈزلەشتۈرۈلگەن 48 شەكلىنى ئويناپ چىقتى. يازغۇچى، ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى مۇتەللىپ سېيىت يازغان، دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلغان چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى «دولان مەشرىپى» شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنىپ، ئۆتكەن يىل نورۇز بايرىمىدا كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1992 - يىلى 9 - ئايدا 13 كىشىلىك مەكىت دولان ئەلنەغمە ئۆمىكى خاڭجوۇغا بېرىپ «خاڭجوۇ ئالتۇن كۈز خەلقئارا سەيلى - ساياھەت سودا يەرمەنكىسى» گە قاتنىشىپ، ئويۇن قويۇپ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1993 - يىلى 9 - ئايدا يەنە مەكىت ناھىيىلىك دولان ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە ناھىيىدىكى بىر تۈركۈم داڭلىق مۇقامچىلار (ئەلنەغمىچى) دىن تەشكىللەنگەن 37 كىشىلىك دولان ئەلنەغمىچىلىرى ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزغا ۋەكالىتەن شىنياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو شېنياڭ خەلقئارا مىللىي ئۇسسۇل بايرىمى» غا قاتنىشىپ، «كۈمۈش ئەتىرگۈل» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن دولان مۇقامى تۇنجى قېتىم خەلقئاراغا يۈزلەندى.

**خۇدابەردى ئابدۇللا M2**

## نان يېقىش (دۇغ بوياق) قاھار غوپۇر سىزغان




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995- يىل 2 -سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主　管：新疆维吾尔自治区文化厅
主　办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编　辑：《新疆文化》杂志编辑部
印　刷：新疆《工人时报》印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1073/1
本刊代号：58－22.　定　价：1.20

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى 1073/1 ـ NC65
ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58. باھاسى: 1.20 يۈەن


龟兹乐舞